# جۇڭگو

شىياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تىبەتكە دائىر دوكلاتلار بۇ ھۆججەتنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇلدى.

(جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ) ئاساسىي قانۇنىدا جۇڭگو پۇقرالىرى "دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ" دەپ بايان قىلىنغان. مەزكۇر قانۇن ھۆكۈمەت، ئاممىۋى ئورگانلار ۋە شەخسلەرنىڭ كىشىلەرنى زورلاپ دىنغا ئىشەندۇرۇش ياكى ئىشەندۇرمەسلىكىنىمۇ چەكلىگەن. بۇ ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار 5 دىندىن (بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك دىنى، ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنى) تەركىب تاپقان، ھۆكۈمەت تەستىقلىغان "ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار" (ۋ د ت) نىڭ نازارەتچىلىكىدە بولغان "نورمال دىنىي پائالىيەتلەر" نىلا قوغدايدۇ. "نورمال دىنىي پائالىيەتلەر" دېگەن بۇ سۆز بىرىكمىسى ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن ئېنىق ئېنىقلانمىغان. پەقەت "ۋ د ت" لا دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ئىبادەت قىلىش ئورۇنلىرىنى تىزىملاشقا ھوقۇقلۇق دەپ قانۇندا بېكىتىلگەن. "ۋ د ت" تىزىملىغان ئىبادەت قىلىش ئورۇنلىرىدا ۋە شەخسىي سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلىدۇ، لېكىن ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋە تىزىملانمىغان ئىبادەت قىلىش ئورۇنلىرىدا دىن تارقىتىش ياكى چەت ئەللىكلەرنىڭ دىن تارقىتىشى مەنئى قىلىنغان. مەزكۇر ئاساسىي قانۇندا دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ لاۋازىمەت ئىشلىرى "ھەرقانداق چەت دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا مەنسۇپ بولمايدۇ" دەپ جاكارلانغان، شۇنداقلا ئاتېئىستىك جۇڭگو كومپارتىيىسى (ج ك پ) نىڭ رەھبەرلىك رولى مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن.

جوڭگو ھۆكۈمىتى "ۋ د ت" نىڭ باشقۇرۇلما دائىرىسى ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە جار سېلىپ كەلدى. مۇشۇ دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەت ئاپتونوم رايونى (ت ئا ر) دا ۋە باشقا تىبەتلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ش ئۇ ئا ر) دا كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قارىتا ئېغىر باستۇرۇش ئېلىپ باردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېقىندىن تۈزگەن مەملىكەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكەت پىلانىدا پرېزىدېنت خۇ جىنتاۋنىڭ 2007– يىلى ج ك پ 17- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىكى دىن توغرۇلۇق قىلغان سۆزىنى جەزملەشتۈردى. مەزكۇر پىلاندا مۇنداق دېيىلگەن: ھۆكۈمەت "دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پروگراممىلارنى قۇرۇشىغا شۇنداقلا جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇل ۋە يوللارنى ئىزدىنىشىگە ئىلھام بېرىدۇ ۋە قوغدايدۇ". جوڭگو ھۆكۈمىتى بۇ باياناتلارنىڭ "ۋ د ت" لار بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان تىزىملىتىلمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارغا ماس كېلىپ ــ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرمىگەن.

# جۇڭگو

جوڭگو ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۆزى بىخەتەر دەپ قارىغان بەزى تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويىدى. گوۋۇيۈەننىڭ بىر تارمىقى يەنە "ئائىلە چېركاۋلىرى" رەھبەرلىرى بىلەن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى. ئائىلە چېركاۋلىرى رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتتىن "ۋ د ت" لاردىن مۇستەقىل ھالدا تىزىمغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. جۇڭگودىكى بەزى ئىلىم خادىملىرى بۇ ئىلتىماسنى قوۋۋەتلەشتى. تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىغا قاراپ زور پەرقلىنىدۇ. بەزى جايلاردىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى تىزىم سىرتىدىكى گۇرۇپپىلارغا قاتناشقان پروتېستانت ۋە كاتولىك مۇخلىسلىرىنى قولغا ئالغان بولسا، باشقا يەردىكىلەر بۇ خىل گۇرۇپپىلارنىڭ ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىگە دەخلى ــ تەرۇز قىلمىدى. بېيجىڭدىكى تىزىمغا ئېلىنمىغان پروتېستانت گۇرۇپپىلىرى، 2008ـ يىللىق يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە ۋە 1989ـ يىلىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانى باستۇرۇشىنىڭ 20ـ يىللىق خاتىرە كۈنىگە ئوخشاش سەزگۈر خاتىرە كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى يېقىندىن نازارەت قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بېيجىڭدىكى بەزى تىزىمغا ئېلىنمىغان ئائىلە چېركاۋلىرى ئولىمپىك يىغىنى مەزگىلىدە يىغىلىشلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

ھۆكۈمەت "يەر ئاستى" رومان كاتولىك روھانىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ۋاتىكانغا بولغان ساداقىتىنى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق دەپ ئەيىبلىگەنلىكىدىن بولدى. ھۆكۈمەت يەنە "قەبىھ دىن" دەپ قارىغان بىر نەچچە خرىستىئان گۇرۇپپىسى ۋە فالۇنگوڭ قاتارلىق دىنىي گۇرۇھلارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلىدى.

ھۆكۈمەت بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك دىنى ۋە بەزى خەلق ئىچىدىكى دىنلارنى "ۋ د ت" دائىرىسىدە راۋاجلاندۇرۇشقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول ئالدى. مەسىلەن، 2009ــ يىلى مارتتا جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھرىدە 2ـ نۆۋەتلىك دۇنيا بۇددا دىنى مۇنبىرىنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇردى. مۇشۇنداق يىغىن مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت ج ك پ بىرلىكسەپ بۆلۈمى رەئىسى دۇ چىڭلىن ۋە ھۆكۈمەت 11 ــ بەنچەن لاما دەپ ئېتىراپ قىلغان بەنچەن ئېردېنى چۆججابۇ (ئۆز ئىسمى گيالتسېن نوربۇ) قاتارلىق كىشىلەرنى سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى.

# جۈڭگو

بۇنىڭ ئەكسىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ش ئۇ ئا ر) ۋە تىبەت ئاپتونوم رايونى (ت ئا ر) دىكى دىنىي مۇخلىسلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي رادىكالىزمنى دىنىي ئېتىقات ۋە سىياسىي كۆز قاراشلارنى تېنچلىق بىلەن ئىپادىلەشتىن ئايرىماسلىقى سەۋەبىدىن قاتتىق چەكلىنىشلەرگە ئۇچراپ كەلدى. ش ئۇ ئا ر دا ھۆكۈمەت يەنە تېررورىزمدىنمۇ ئەنسىرەيدۇ. تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتتىن پاسپورت ئېلىشى قىيىن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي مەقسەت بىلەن چەتئەلگە چىقىشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلدى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە تىبەت ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىكى تىبەت بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى، دىنىي ئىبادەت ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش جەھەتتە مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى بۇددىستلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى. 2008 ــ يىلدىكى كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭدىن كېيىن، ت ئا ر ۋە باشقا كۆپلىگەن تىبەت ئاپتونوم جايلىرىدا دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتتىق چەكلىمىلەر قويۇلدى. ھۆكۈمەت، راھىب ۋە راھىبەلەرنىڭ دالاي لامانى ئەيىبلەيدىغان ئەيىبنامىگە قول قويۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى" ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىنى داۋاملاشتۇردى. دىنىي ئەركىنلىككە بولغان باشقا چەكلىمىلەرمۇ داۋاملاشتى. (تېخىمۇ كۆپ دوكلات ئۈچۈن قوشۇمچە ئىلاۋىگە قارالسۇن).

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە تىبەت بۇددا دىنى راھىب ۋە راھىبەلىرى ئۆزلىرىنىڭ 2008 ــ يىل ئاۋغۇستتىكى ئولىمپىك يىغىنى مەزگىلىگە ئوخشاش سەزگۈر مەزگىللەردە تېخىمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي كەمسىتىشكە ئۇچرىغانلىقىنى، شۇ جۈملىدىن بېيجىڭدا مېھمانخانا خادىملىرى تەرىپىدىن ياتاق ئېلىشى رەت قىلىنغانلىقىنى مەلۇمات قىلدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسى ۋە چېڭدۇ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، شېنياڭ، ۋۇخەنلەردىكى كونسۇلخانىلىرى دىنىي ئەركىنلىكنى كەڭراق يولغا قويۇش ھەققىدە بىرلىكتە كۈچ چىقاردى. ئا ق ش ئەمەلدارلىرى خورلاشلارنى ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچىدىكى ئىجابىي ئىلگىرىلەشلەرنى قوللاپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ھوقۇقلىرىغا ئاساسەن، تىزىمغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مۇراجەت قىلدى. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى نۇرغۇن دىنىي مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىگە ئېلىنىشىغا ئېتىراز بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ سوراق جەريانىغا قاتنىشىشنى ۋە ئۇلار ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى جۇڭگو

# جۇڭگو

ھۆكۈمىتىنى ئەھۋال جىددىيلىشىپ كېتىشكە سەۋەب بولغان تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قويۇلغان چەكلىمىلەرگە ئېتىبار بېرىشكە چاقىردى. 2008 ـ يىلدىكى ئاۋغۇست ئولىمپىك يىغىنى مەزگىلىدە، پرېزىدېنت بۇش جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن بولغان سۆھبىتىدە دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋەبېيجىڭدىكى بىر تىزىمغا ئېلىنغان پروتېستانت چېركاۋىدا دىنىي پائالىيەتكە داخىل بولدى. 2009- يىلى فېۋرالدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كلىنتونمۇ بېيجىڭدىكى بىر پروتېستانت چېركاۋىنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 2009- يىل مايدا شاڭخەيدە ئامېرىكا پالاتا رەئىسى پېلوسى دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىدىكى ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىر تىزىمغا ئېلىنغان كاتولىك چېركاۋىدا دىنىي پائالىيەتكە قاتناشتى. 1999- يىلدىن بۇيان، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جۇڭگونى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسى بويىچە دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن "دىققەت قىلىنىدىغان دۆلەت" دەپ بەلگىلەپ كەلدى.

## بىرىنچى قىسىم
## دىنىي نوپۇسشۇناسلىق

بۇ دۆلەتنىڭ يەر كۆلىمى 3.5 مىليون كۋادرات مىل بولۇپ، نوپۇسى بولسا 1.3 مىليارد. 2007 ـ يىل فېۋرالدا شاڭخەيدىكى تەتقىقاتچىلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ھەم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاخبارات ئورگانلىرىدا ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە 16 ياش ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى جۇڭگو گراژدانلىرىنىڭ 31.4 پىرسەنتى يەنى 300 مىليون كىشى دىنغا ئىشىنىدىغانلار دەپ يەكۈنلەنگەن.

ھۆكۈمەتنىڭ 1997- يىلى نەشر قىلىنغان ئاق تاشلىق كىتابىغا ئاساسلانغاندا، 100,000 دىن ئارتۇق رەسمىي تەستىقلانغان دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جايى، 300,000 رەسمىي راھىب ھەم 3,000 دىن ئارتۇق تەستىقلانغان دىنىي تەشكىلاتلار بولغان. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1997- يىلدىكى ئاق تاشلىق كىتابتىن كېيىن تەپسىلىي دىنىي ستاتىستىكا مەلۇماتىنى ئېلان قىلمىدى.

ھۆكۈمەت بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك دىنى، ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى (رىم دىنى) ۋە پروتېستانت دىنى قاتارلىق بەش ئاساسىي دىننى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. روسىيە ئورتودوكس

# جۇڭگو

چېركاۋى بىرقانچە رايونلاردا بولۇپمۇ روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ نوپۇسى كوپ ياكى روسىيىگە يېقىن ھەم تۇتاشقان رايونلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. گەرچە جۇڭگو گىراژدانلىرىنىڭ چەت ئەللىكلەر باشقۇرغان دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى مەنئى قىلىنىسىمۇ، رەسمىي تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي ئېتىقادلارغا تەۋە بولغان بۇ دۆلەتتە تۇرۇۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلىدۇ.

بۇددا دىنى بىلەن تەرىقەتچىلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىك ئەزالىق تۈزۈمى يوق ياكى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆيىدە ئايرىم ئىبادەت قىلىدۇ. لېكىن، 2007 ـ يىلى جۇڭگودىكى مەلۇم بىر ئاممىۋى پىكىرلەرگە ئاۋاز بېرىش شىركىتى ياش قۇرامىغا يەتكەن جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 11 دىن 16 پىرسەنتى بولسا بۇددىستلار، لېكىن بىر پىرسەنتتىن ئازراق ئاھالە ئۆزلىرىنى تەرىقەتچىلەر دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بايقىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنخۇا خەۋەر ئاگېنتلىقى بولسا جۇڭگودا 100 مىليون بۇددىست بار دەپ مۆلچەرلىدى. لېكىن، يۇقارقى جۇڭگودىكى تەرىقەتچىلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان رەسمىي ستاتىستىكىلىق ماتېرىيال يوق.

ئېتىراپ قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تەخمىنەن 20 مىليون. مۇستەقىل (ئۆزئالدىغا) قىلىنغان مۆلچەرلەردە بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 50 مىليون ياكى ئۇنىڭدىن كوپ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى (مەسچىتلىرى) 40,000 دىن ئوشۇق (يېرىمىدىن كۆپى ش ئۇ ئا ر دا) ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىماملارنىڭ ئومۇمىي سانى 45,000 دىن ئوشۇق ھەم 10 (ئىسلام) دىنى مەكتىپى (مەدرىسە) بار.

بۇ دۆلەتتە ئاساسلىق 10 مۇسۇلمان مىللەت گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى خۇي مىللىتى، ئۇنىڭ سانى 10 مىليوندىن ئوشۇق مۆلچەرلىنىدۇ. خۇي مىللىتى نىڭشىيا خۇي ئاپتونوم رايونىغا توپلانغان، لېكىن خۇي مىللىتىنىڭ نۇرغۇنلىرى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. خۇي مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى ئاساسىي جەھەتتىن ش ئۇ ئا ر دا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن ئازراق ئارتۇق. 2005 ـ يىلىدىكى رەسمىي دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر دا 23,900 مەسچىت ۋە 27,000 ئۆلىمالار بولغان، لېكىن مەسچىتلەرنىڭ يېرىمىدىن ئازراقىغا جۇمە نامىزى ۋە ھېيت بايراملىق مۇلازىمەتلەرگە رۇخسەت قىلىنغان. بېيجىڭدا، 200,000 خۇي مۇسۇلمانى ۋە 160 مەسچىت بار. ھۆكۈمەت بۇ

# جۇڭگو

مەسچىتلەرنى سېلىشقا ياردەم قىلىدۇ، ئىماملارنىڭ مائاشىنى بېرىدۇ ھەم ھالال دۇكان ۋە دوختۇرخانىلارنى يۆلەيدۇ.

دۆلەت ئېتىراپ قىلغان پروتېستانت دىنىي تەشكىلاتى ئۈچ ـ ئۆزى ۋەتەنپەرۋەرلەر ھەرىكىتى / جۇڭگو خرىستىئان كېڭەشمىسى (ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك) نىڭ ئەمەلدارلىرى كەم بولغاندا 20 مىليون پۇقرا رەسمىي چېركاۋدا ئىبادەت قىلىدۇ دەپ مۆلچەرلىدى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى 50,000 دىن ئارتۇق "ئۈ ئۆ ۋ ھ" چېركاۋى ۋە 18 دىن ئارتۇق "ئۈ ئۆ ۋ ھ" ئىلاھىيەت مەكتىپى تىزىمغا ئالدۇردى دەپ ئېلان قىلدى. دۇنيا خرىستىئان سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بولسا 300 يوشۇرۇن ئائىلە چېركاۋ تورى بار دەپ مۆلچەرلەيدۇ. "پېۋ" تەتقىقات مەركىزى 50 مىليوندىن 70 مىليونغىچە خرىستىئانلار ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەپ مۆچەرلەيدۇ. بىر جۇڭگو ئالىمى خەلق (رېنمىن) ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى رەسمىي دوكلاتتا "ئۈ ئۆ ۋ ھ" دىكى ۋە تىزىمغا ئېلىنمىغان چىركاۋلاردىكى خرىستىئانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگودىكى خرىستىئانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 90 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ دەپ مۆلچەرلىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن، 60 مىليون جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى بار دەپ مۆلچەرلىنىپ، بۇنىڭ 10 مىليونى داۋاملىق دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ دەپ قارىلىدۇ. كالۋىنىزم ياكى ئىسلاھات قىلىنغان ئىلاھىيەت ئېقىمى ئائىلە-چېركاۋى ۋە خرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرى ئارىسىدا تەسىرىنى كۈچەيتتى. پەنتەكوستال خرىستىئانىمۇ ئائىلە-چىركاۋلىرىنىڭ ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقالدى.

ھۆكۈمەت يېڭىدىن تىزىمغا ئېلىنغان يىغىلىپ ئىبادەت قىلىش ئورۇنلىرىنى سېلىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنى تەستىقلىغان بولسىمۇ، بۇتخانىلار، چېركاۋلار ۋە مەسچىتلەرنىڭ سانى ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تەڭلەشمەي كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 17.4 مىليون نوپۇسلۇق بېيجىڭ شەھىرىدە پەقەت 13 تىزىمغا ئېلىنغان پروتېستانت چېركاۋى بار. بىر قىسىم تىزىمغا ئېلىنغان چېركاۋلار يېڭىدىن چېركاۋ جايلىرىنى تىزىملىتىشتا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. تىزىمغا ئېلىنغان چېركاۋلارنىڭ ئورنىنىڭ يېتىشمەسلىكى بولسا تىزىمغا ئېلىنمىغان چېركاۋ ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ تېزدىن كۆپىيىشىنىڭ بىر ئامىلى.

كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتى (ك ۋ ج) بولسا 5.3 مىليون كىشى ئۆزىنىڭ چېركاۋلىرىدا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە 12 مىليون ياكى ئۇنىڭدىن كوپ كىشى "ك ۋ ج" بىلەن مۇناسىۋەتسىز تىزىمغا ئېلىنمىغان كاتولىك دىنى چېركاۋلىرىدا ئىبادەت قىلىدۇ دەپ دوكلات قىلىدۇ. رەسمىي ئۇچۇر مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان "ك ۋ ج" نىڭ

# جۇڭگو

70 ئېپىسكوپى، تەخمىنەن 3,000 پوپى ۋە رەھبەرلىرى، 6,000 چېركاۋى ياكى يىغىلىش ئورۇنلىرى ھەم 12 ئىلاھىيەت مەكتىپى بار ئىكەن. تەخمىنەن 40 ئېپىسكوپ مەخپىي ئىشلەۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرقىسمى قاماقتا ياكى ئۆيىگە قامالغان دەيدىغان قاراشلار بار. خەۋەرلەردىن قارىغاندا 2007 ـ يىلى بۇ دۆلەتتىكى 79 ئېپىسكوپ قارامىدىكى رايوندىن 40 ئېپىسكوپ ئېپىسكوپلۇق بىلەن شۇغۇللانمىغان، 30 دىن ئوشۇق ئېپىسكوپنىڭ يېشى 80 دىن ئېشىپ كەتكەن.

فالۇنگوڭ ئۆزىنى روھچىلىق قانۇنىيەتتىكى تەبىئىي بۇددا دىنى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. فالۇنگوڭ بولسا ئىستىقامەت (چوڭقۇر خىيال سۈرۈش) تېخنىكىسى، چىگوڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش (جۇڭگوچە ئەنئەنىۋى چېنىقىش قائىدىسى) بىلەن قۇرغۇچى لى خوڭجى نىڭ سۆزلىرىنى بىرلەشتۈردۇ. 1999 ـ يىلى ھۆكۈمەت فالۇنگوڭنى چەكلەشنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەخمىنەن 70 مىليون دەپ مۆلچەرلەنگەن ئىدى؛ كېيىن ھۆكۈمەت مۇرىتلارنىڭ سانىنى تەخمىنەن 2 مىليون دەپ ئۆزگەرتىۋەتتى. فالۇنگوڭنىڭ ئاخبارات مەنبەلىرى بولسا 10 مىليونلىغان كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ دەپ مۆلچەرلەيدۇ.

## ئىككىنچى قىسىم
## دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالى

### قانۇن/سىياسىي قۇرۇلما

ئاساسىي قانۇندا "نورمال دىنىي پائالىيەتلەر" قوغدىلىنىدۇ. لېكىن، پۇخرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندا كېپىللىك قىلىنغان دىنىي ئەركىنلىككە ئاساسەن قانۇنلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش (قانۇن بويىچە ئەرز قىلىش) ئىقتىدارى يوق. دىنىي تەشكىلاتلار بولسا مەخپىي ياكى رەسمىي بولمىغان بۇيرۇقلار ئارقىلىق كونترول قىلىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زوراۋانلىق ھەركەتلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ھۆكۈمەت تىزىمغا ئېلىنغان ھەم تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دائىرىسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، قانۇنلۇق ئىبادەت مۇراسىملىرىنى ھۆكۈمەت تەستىقلىغان تەشكىلاتلارغا، تىزىمغا ئېلىنغان گۇرۇپپىلارغا، ۋە تىزىمغا ئېلىنغان ئىبادەت قىلىش جايلىرىغا يىغىنچاقلىدى. ھۆكۈمەت دۆلەت سىرتىدىكى دىنغا سادىقلىق كۆرسىتىش رەھبەرلەرگە بولۇپمۇ رىم دىنىنىڭ پوپى ۋە دالاي لاماغا قاتتىق

# جۇڭگو

قارشى تۇردۇ. ھەرخىل دىنىي گۇرۇپپىلارغا بولغان مۇئامىلىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك ھالدا پەرقلىق بولدى. نۇرغۇن دىنلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

2005- يىلنىڭ دىنىي ئىشلار نىزامنامىسىدا تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي گۇرۇپپىلارغا چەكلىك ھالدا قانۇنىي ئىگىدارچىلىق قىلىندى (مەسىلەن، ئۇلار مۈلۈككە ئىگە بولالايدىغان، ماتېرىياللارنى نەشر قىلالايدىغان، راھىبلارنى تەربىيىلەپ ۋە ئۇلارغا سالاھىيەت بېرەلەيدىغان ۋە سەدىقە توپلىيالايدىغان بولدى)، لېكىن تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلار بۇلاردىن بەھرىمان بولالمىدى. پەقەت بەش "ۋ د ت" لا خەلق ئىشلار مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار نىزامنامىسىگە ئاساسەن دىنىي تەشكىلات سۈپىتىدە تىزىمغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان دۆلەتلىك ئورگاندۇر. بەش "ۋ د ت" نىڭ سىرتىدىكى دىنىي گۇرۇپپىلار بولسا پەقەت قانۇنىي سالاھىيەت ئېلىشتىلا چوڭ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئەسلىھەلىرىنى كۆزۈتۈپ تۇرىدىغان، دىنىي پائالىيەتلىرى جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتامدۇ دېگەننى تەكشۈرىدىغان، رەزىل دىنلارنى بىرتەرەپ قىلىدىغان ئاممىۋى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ زوراۋانلىق ۋە جازانىخورلۇق ھەرىكەتكىرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

"ۋ د ت" نىڭ رەھبەرلىرى بەزىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ھەم دۆلەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ سىرتىدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇپپا بولغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىدە خىزمەت قىلىدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسى بىلەن بىرلىكسەپ مىنىستىرلىگى چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەردىكى رولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تەدبىرلەر يەنى "يېتەكچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش" ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكسەپ مىنىستىرلىقنىڭ خىزمەتچىلىرى ئاساسەن پارتىيىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە چوقۇم ئاتېئىست بولغان پارتىيە ئەزالىرى بولىدۇ.

تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ پائالىيەتلىرى دىنىي ئىشلار نىزامنامىسى ئىگىدارچىلىقى دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالغان بولسىمۇ، بۇ گۇرۇپپىلار ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى داۋاملىق كېڭىيىۋاتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە تىزىمغا ئېلىنمىغان "ئائىلە چېركاۋى" ۋە "شەخسى بۇتخانىلار" ئومۇمىيۈزلۈك بار. "ۋ د ت" غا ئەزا ئەمەس ئىنتايىن

# جۇڭگو

كۆپ ساندىكى خرىستىئان گۇرۇپپىلار بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي مەخپىي هالدا مەشغۇلات ئېلىپ بارالمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلار ئاشكارا هالدا كۇرسلارنى ئېچىش، ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش، جايلارنى ئىشخانا ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئارىيەتكە ئېلىش ۋە توردا خەۋەرلەرنى تارقىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار نىزامنامىسى بولسا مەلۇم بىر دىنىي گۇرۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن بەش "ۋ د ت" نىڭ بىرىگە تەۋە بولۇشى كېرەك دەپ جاكارلىدى. ئاساسەن بارلىق يەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى تىزىمغا ئېلىنغان پروتېستانت گۇرۇپپىلىرى ۋە راهىبلىرى "ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك" گە تەۋە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. تىزىمغا ئېلىنمىغان كاتولىك گۇرۇپپىلارنىڭ جۇڭگو كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلەر كومىتېتىغا تەۋە بولىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. دىنىي ئىشلار باشقارمىسى بىر قىسىم تىزىمغا ئېلىنمىغان ئائىلە چىركاۋلىرىغا ئۇلارنىڭ "ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك" نىڭ گۇۋاهنامىسىنى ئالمىغان روهانىلىرىنى تىزىملىتىشقا تىرىششىنى دەۋەت قىلدى. باشقا گۇرۇپپىلار تىزىملىتىشقا ھەرىكەت قىلغاندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى سەۋەبسىز رەت قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

ھۆكۈمەت بولسا بۇ ئىلتىماسلارنىڭ رەت قىلىنىشى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى ياكى قانۇنىي تەلەپلەرگە يەتمىگەنلىكىدىن بولغان دەپ بەس ـ مۇنازىرە قىلدى. بىر قىسىم جايلاردا يەرلىك ھۆكۈمەت مەلۇم دىنلارنى قانۇنلاشتۇردى، مەسىلەن، ئۇلار خېي لوڭجىياڭدىكى "ئورتودوكس خرىستىئان" دىنى، فۇجىيەندىكى "ما ملىلتى" گە ئوخشاش خەلق ئىچىدىكى ئىلاھلارغا چوقۇنۇش دىنى ۋە جەنۇبى جېجىياڭ ۋە گۇاڭدوڭ لاردىكى "خۇاڭ دا شەن" قاتارلىقلاردۇر. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى دىنلارنى ساقلاپ قالدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى، مەسىلەن، يۈننەن دىكى "ناشى" لارنىڭ ئارىسىدىكى "دوڭبا" ۋە گۇاڭشىدىكى جۇاڭ مىللىتىنىڭ ئارىسىدىكى "بۇلوتا" لار.

بىر قىسىم تىزىمغا ئېلىنمىغان پروتېستانت گۇرۇپپىلىرى بولسا ،"ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك" ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن توقۇنۇشىدىغان ھۆكۈمەت تاڭغان تۈزۈملەرنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، تىزىملىتىش ياكى "ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك" غا قوشۇلۇشنى رەت قىلدى. بولۇپمۇ، بىر قىسىم ئائىلە چېركاۋلىرى "ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك" نىڭ ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىش، چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ھەم چەت ئەلدىن دىنىي ماتېرىياللارنى ئېلىش ھەققىدىكى چەكلىمىلىرىگە قارشى تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم گۇرۇپپىلار "ئۈ ئۆ ۋ ھ / ج خ ك" نىڭ

# جۇڭگو

ئوخشىمىغان پروتېستانت مەزھەپلەرنىڭ ئېتىقاد ھەقتىكى ئوخشىماسلىقلىرىنى ھىمايە قىلىنىدىغان "كېيىنكى مەزھەپ" نىڭ رەھبەرلىكىدە كېلىشتۈرگىلى ياكى ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ دېگەن تەلىماتىغا قوشۇلمىدى. قالغانلىرى بولسا چېركاۋ رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسىنى ئاشكارىلاپ قويسا يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن قورقۇپ ئۆزلىرى مۇستەقىل ياكى بىرەر "ۋ د ت" بىلەن بىرلىكتە تىزىملىتىشنى خالىمىدى. تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلار كۆپ چاغلاردا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ لېكسىيە مەزمۇنى ۋە لېكسىيە سۆزلىگۈچىنى باشقۇرۇشىدىن قورقۇپ، "ۋ د ت" نىڭ بىرەرسىگە قوشۇلمىدى.

"ئۇ ئۆ ۋ ھ" نىڭ تىزىمغا ئېلىنغان جايلىرىغا قوشۇلۇشنى تاللايدىغان تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلار كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ گۇرۇپپىلار ھازىر قانۇنلۇق ھالدا تىزىمغا ئېلىنغان جايلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلالايدۇ. بىر قىسىم جۇڭگو ئوبزورچىلىرى چوقۇندۇرۇش، ئېتىقادچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەردە بىر قىسىم قوشۇلغان گۇرۇپپىلارنىڭ قابىلىيىتىنىڭ چەكلىكلىكىگە دىققەت قىلدى ۋە ئىبادەت مۇلازىمەتلىرىدە "ئۇ ئۆ ۋ ھ" رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىگۈچىلەرنى تەستىقلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختالدى.

ش ئۇ ئا ر دا ھۆكۈمەت نۇرغۇنلىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى توستى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تور بەتلىرىدە 23 خىل "قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت" لەر چەكلەنگەن، بۇلار دىنىي كىتابلارنى ئوقۇش، ئەنئەنىۋى يوسۇندا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنى دىنىي مۇلازىمەتلەرگە قاتنىششقا ئۈندەش، دىنىي بەدەل ياكى باژلارنى يىغىش، دىنىي تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىش ۋە ئۆزى بىلگەنچە دىنغا ئەگەشكۈچىلەرنى يېتەكلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنىدىغان 14- ماددىسىدا ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىغا رۇخسەت قىلىشى چەكلەنگەن. دىنىي ئىشلار نىزامنامىسىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىلا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پائالىيىتى (ساياھىتى) نى ئېلىپ بارالايدۇ.

1980- يىللىرىنىڭ بېشىدا ھۆكۈمەت "رەزىل دىن" دەپ بەلگىلىگەن گۇەن يىن (گۇەن يىن فامىن ياكى خۇدانىڭ شەپقىتى)، جوڭ گوڭ (چى گوڭ چېنىقىشى بىلەن تەربىلىنىش) ، ۋە فالۇنگوڭ قاتارلىق دىنلارنى چەكلىدى. بەلگىلەنگەن ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى فا لۇنگوڭغا نىسبەتەن بولغان ھەرىكەتلەرنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولدى دەيدىغان دوكلاتلار بار. ھۆكۈمەت يەنە "شوئۇتېر" (1962- يىلى ئامېرىكىدا باشلانغان)، غەرب نۇرى، تالىپلار جەمئىيىتى (مېنتۇ خۇي)،

# جۇڭگو

تولۇق دائىرىلىك چېركاۋى، روھى مەزھەپ، يېڭى تەۋرات چېركاۋى، چاكارنىڭ ئۈچ دەرىجىسى (يەنى، سان با پۇ رېن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تالىپلار جەمئىيىتى، ئالەمنى كونترول قىلىدىغان خۇدا مەزھىپى، تەسىس قىلىنغان پادىشاھ چېركاۋى، بىرلەشمە چېركاۋ، مۇھەببەتنىڭ ئۆيى، ۋە جەنۇبى جۇڭگو چېركاۋى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە پروتېستانت خرىستىئان گۇرۇپپىلىرىنى رەزىل دىنلار دەپ قارىدى.

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 300- ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى قورشاش ئۈچۈن ئادەم توپلاش، ئەزالارنى جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن يىغىن چاقىرىش ياكى ئويدۇرما ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دىنىي گۇرۇپلار رەزىل دىنلارغا قارشى تۈرۈش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. خىلاپلىق قىلغانلار يۇقىرى بولغاندا 7 يىللىق قاماق جازاسىغا تارتىلىدۇ.

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 251- ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، خەلقنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى رەت قىلغان ئەمەلدارلارغا يۇقىرى بولغاندا ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دىنىي ئاساس قىلغان ساخاۋەتلىك (پايدا ئالمايدىغان) تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتى تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىشنى داۋاملاشتۇردى، بولۇپمۇ 2008- يىلىدىكى سىچۈەن يەر تەۋرىشىدىن كېيىن ھۆكۈمەت بۇ تىرىشچانلىقلارغا بولغان چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قوللاشلىرىنى كۈچەيتتى. دىنىي ئىشلار نىزامنامىسىنىڭ 35- ماددىسىدا تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەردىن سەدىقە ئېلىشىغا يول قويۇلىدۇ. ئائىلە چېركاۋى ۋە باشقا تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلار نىڭ قانۇنىي ئورنى بولمىغاچقا، باج تۆلىمەيدىغان (قانۇنى) ئورۇنغا ئېرىشىشكە سالاھىيىتى يوق. تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلار داۋاملىق مەيلى يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلاردا بولسۇن، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسەتلىرىنى ئىزدىدى. ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا بايلىقلىرىنى ئىنئام قىلغان تىزىمغا ئېلىنغان گۇرۇپپىلار بولسا، ئۇلارغا قويۇلغان قانۇنىي چەكلىمىلەرنىڭ تۈپەيلىدىن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش قابىلىيەتلىرى چەكلىنىپ قالدى.

دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، بىر قىسىم دىنلارنىڭ مۇرتلىرى دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇش سىياسىتىگە دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئادەتلەر تۈپەيلىدىن قارشى تۇردى. رىم كاتولىك چېركاۋى بالا چۈشۈرۈش ۋە سۈنئىي ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى چەكلىدى.

# جۇڭگو

نۇرغۇنلىغان پروتېستانت رەھبەرلىرى بالا چۇشۇرۇش ئىنجىلدىكى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ دېگەن ئەمرى- مەرۋپلارغا خىلاپ كېلىدۇ دەپ تەلىم بەردى. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بالا دېگەن ئاللا بەرگەن سوغات دېگەن سەۋەبتىن بالا چۇشۇرۇشكە قارشى تۇردى. مەملىكەتنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇسنى كونترول قىلىش ئورگانلىرى ئايالالارغا ھامىلىدار بولۇشتىن ساقلىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى، ئايالار تۇغماس قىلىندى ھەم ئۇلار ھوكۇمەتنىڭ نوپۇسنى كونترول قىلىش تۇزۇمىگە خىلاپلىق ھالدا ھامىلىدار بولغان بولسا باللىرىنى چۇشۇرۇۋەتتى.

## دىنىي ئەركىنلىك ئۇستىدىكى چەكلىمىلەر

بۇ دوكلاتتا سۆزلەنگەن ۋاقىت مەزگىلىدە، ھوكۇمەتنىڭ دىننى باستۇرۇشى ئېغىر ھالدا تىبەتلەر رايونى ۋە ش ئۇ ئا ر دا ساقلىنىۋاتاتتى. بېيجىڭدىكى تەخمىنەن 2000 ئائىلە چېركاۋنىڭ بىر قانچىسى ھوقۇقدارلارنىڭ ئۇلارغا 2008- يىللىق يازلىق ئولىمپىك ۋە پارالىمپىك (مېيىپلەر ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك) جەريانىدا ئۆز- ئارا ئۇچراشماسلىقنى ئېيتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلار بۇ جەرياندا داۋاملىق مۇلازىمەت قىلغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

لاسادا 2008- يىلى 14- مارت كۈنىدىكى لاسادىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر پارتلىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى دالاي لاما تىبەتلىكلەرنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۇشكۇرتتى، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن دالاي لامانى ھاقارەت قىلىشنى كۇچەيتتى. 2009-يىلى مارت، يەنى مەغلۇپ بولغان تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 50 يىللىقىدا، دالاي لاماغا بولغان تەنقىدلەر يەنە كۇچەيتىلدى. ئىش ئورۇنلىرى بىر قىسىم تىبەتلىكلەرنى 25- فېۋرالدا تىبەت يېڭى يىلىنى، 28-مارتتا بولسا قۇللۇقتىن ئازاد بولۇش بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. تىبەتلىكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 2008-يىلى باھاردا پۈتۈن تىبەت ئېگىزلىكىدە يۈز بەرگەن توپىلاڭ ۋە زوراۋانلىقلار جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن تىبەتلىكلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تىبەت يېڭى يىلىنى تەبرىكلىمەسلىكنى پىلانلىغان ئىدى.

ھۆكۈمەت پروتېستانت ئائىلە چېركاۋى تورى بىلەن بىرلەشمە چېركاۋنى ھۆكۈمەت ۋە پارتىيىنىڭ ھوقۇقىغا يوشۇرۇن ھالدا خىرىس قىلىدۇ دەپ چۈشىنىپ ئۇلارنى باستۇردى. مەسىلەن، 2008- يىلى 28-نويابىردا، خەلق ئىشلار مىنىستىرلىقى 250,000 ئەزاسى بار ھەم بىرنەچچە ئۆلكىلەردە ئەزالىرىمىز بار دەيدىغان جۇڭگو خرىستىئان ئائىلە چېركاۋ ئىتتىپاقىنى تىزىمغا ئالدۇرمىغان ھەم رۇخسەتسىز ئىجتىمائىي ئورگان دېگەن نامدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەپ ئەمەلدىن قالدۇردى.

# جۇڭگو

2009- يىل 10- فېۋرالدا، ئالتە نەپەرجۇڭگو ساقچىسى ۋە دۆلەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى 1,200 ئەزاسى بار شاڭخەي ۋەنباڭ دىن تارقاتقۇچىلار چېركاۋنىڭ باش پوپى سۇي چۈەننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا تۆتىنچى قېتىملىق جۇڭگو شەھەرلەر ئائىلە چېركاۋى پوپلىرىنىڭ دوستلۇق مۇنازىرە يىغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇر دەپ بۇيرۇق قىلدى. سۇي چۈەن بۇ بۇيرۇقنى رەت قىلدى. يىغىن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇي چۈەن، ساقچىلارنىڭ ۋەن باڭ چىركاۋسىنىڭ (ئۆي) ئىگىسىگە 30 كۈن ئىچىدە ئارىيەتكە بېرىش كېلىشىمىنى ئاياقلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى بايقىدى.

يەرلىك تۈزۈملەر، ئۆلكىلىك خىزمەت دوكلاتلىرى، ۋە باشقا هۆكۈمەت ۋە پارتىيىنىڭ ماتېرىياللىرى ئەمەلدارلارنى هۆكۈمەتنىڭ تىزىمغا ئېلىنمىغان چېركاۋلار ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە بولغان سىياستىنى ئىجرا قىلىشقا ئۈندەشنى داۋاملاشتۇردى، لېكىن ئەمەلدارلارنىڭ تىزىمغا ئېلىنمىغان چېركاۋلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىش دائىرىسى يەرلىك شەرت - شارائىتقا قاراپ چوڭ پەرق قىلدى. بىر قىسىم رايونلاردىكى شەهەر ئائىلە چېركاۋلىرى يىغىنلىرىنىڭ كۆلىمىنى بىر نەچچە ئون كىشى بىلەن چەكلىدى. شەهەرلەردىن باشقا رايونلاردا بولسا بىر قىسىم ئائىلە چېركاۋلىرى يۈزلىگەن كىشىلەر قاتناشقان يىغىنلارنى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ توسالغۇسىسىز ئاچالدى. بىر قىسىم تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلار خېلى كۆپ ئەزاغا، مال - مۈلۈككە، ئىقتىسادىي مەنبەگە ۋە ئالاقىلىشىش تورىغا ئىگە. ئائىلە چېركاۋى ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپەيگەندە نۇرغۇنلىغان خەۋپلەرگە دۇچ كەلدى، شۇڭا ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەر ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان ئەسلىھەلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇردى ۋە باشقا تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلار بىلەن هەم چەت ئەلدىكى ئوخشاش دىندىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى.

بىر قىسىم رايونلاردا، هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئائىلە چېركاۋلىرىغا تىزىملاش هەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇش هەم تىزىملىتىشنى رەت قىلغان رەهبەرلەرنى تۇتقۇن قىلىش ۋە سورا ق قىلىش ئارقىلىق "ۋ د ت" نىڭ بىرەرسىگە قوشۇلۇپ دىنىي ئىشلار دائىرىسىگە تىزىملىتىشقا قىستىدى. دۆلەتنىڭ باشقا رايونلىرىدا بولسا تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، لېكىن دائىرىلەر ئۇلارغا تىزىملىتىڭلار دەپ بېسىم قىلمىدى.

دۆلەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئائىلە چېركاۋنى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، تور بېتىدە بولسا ئائىلە ئەزالىرى ۋە دوستلىرى ئۆيدە (ئىبادەت قىلىدىغان ئامىمۇى سورۇنلار بىلەن ئېنىق

# جۇڭگو

پەرقلەندۈرگەن) ئىبادەت قىلغاندا ھۆكۈمەتكە تىزىملىتىشى ھاجەتسىز ("ئائىلە ۋە دوستلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىش سىياستى") دەپ بايان قىلىنغان. بىر قىسىم رايونلاردا ساقچى ۋە يەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆيلەردىكى ئىبادەت يىغىلىشلىرىنى بۇزدى، قاتناشقۇچىلار مەھەللىنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى بۇزدى، بۇ "رەزىل دىن"غا كىرىدۇ دېدى. بەزىدە، ساقچىلار مۇشۇنداق مۇراسىملارغا قاتناشقان ئىبادەت قىلغۇچىلارنى سائەتلەپ ھەتتا كۈنلەپ تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەنىمۇ ئىبادەت پائالىيەتلىرىدە بولىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ساقچىلار چېركاۋ رەھبەرلىرى ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلارنى يىغىلىش ئورۇنلىرى، مېھمانخانا ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا قىلغان ئىبادەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە سوراق قىلدى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى چېركاۋلارنىڭ باشلىقلىرى، ئەزالىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇلار تۇتقۇن قىلىنىش قېتىم سانى كۆپ ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ۋاقتى ئۇزۇن، رەسمىي قولغا ئېلىنىش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈم قىلىنىش ۋە تۈرمىگە تاشلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ دوكلات قىلدى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بەزى ئەھۋاللاردا يەرلىك ئەمەلدارلار تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنلارنىڭ ئەسلىھەلىرىنى مۇسادىرە قىلغان ياكى ۋەيران قىلغان.

چەت ئەللىكلەر باشقۇرغان دىنىي مۇلازىمەتلەر، تىزىمغا ئېلىنغان گۇرۇپپىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، رۇخسەت قىلىنغان جايلاردا ئۆتكۈزۈلمىسە بۇنىڭغا پۇقرالارنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پۇقرالارنىڭ چەت ئەلدىكى ئىبادەت مۇراسىملىرىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، لېكىن چەت ئەللىكلەر بەزىدە تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي ئورۇنلارغا تەبلىغ قىلىشقا (تەلىم بېرىشكە) تەكلىپ قىلىنىدۇ. 2009 - يىلى 12- ئاپرېلدا، ئامېرىكا كاتولىك ئېپىسكوپى ئىگنەسىيۇس ۋاڭ پاسخا بايرىمىنى شاڭخەيدىكى ئەڭ چوڭ تىزىمغا ئېلىنغان چېركاۋ شۈجا خۇي چوڭ چېركاۋىدا تەخمىنەن 2,000 قاتناشقۇچى بىلەن تەبرىكلىدى.

چەت ئەللىكلەرھەققىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر قانۇنلىرىدا، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىشى چەكلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي ئورۇنلاردىكى ئىبادەت مۇلازىمەتلىرىگە قاتنىشىشى چەكلەنمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان چەت ئەل خىرىستىئان گۇرۇپپىلىرى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى. بەزى ئەھۋاللاردا ئۇلارنىڭ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش، چوڭ ياشلىقلارنى كۈتۈش ئۆيلىرىنى تەمىنلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەتلەرنى قىلىشقا يول قويۇلدى.

# جۇڭگو

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇددا دىنى ۋە تەرىقەتچىلىك دىنى بىلەن ھەمشىرىك گۇرۇپپىلارغا، باشقا گۇرۇپپىلارغا قارىغاندا كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ. جۇڭگو دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو دىنىي مەدەنىيەت خەۋەرلىشىش جەمئىيىتى ھەمكارلىشىپ ئايرىم ھالدا 2006 ـ يىلى ۋە 2009ـ يىلى مارتتا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا بۇددا دىنى مۇنبىرى ۋە 2007ـ يىلى خەلقئارا ئو دې جىڭ (تەرىقەتچىلەر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى) مۇنبىرى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ھۆكۈمەت بىر قىسىم ئەل ئىچىدىكى دىنلارغا "فېئودال خۇراپىي دىنلىرى" دەپ تامغا باستى. ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى خورلىدى ۋە باستۇردى دەيدىغان ئىلگىرىكى دوكلاتلار بار.

ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي سىياسىتىدە بولسا "ۋ د ت" غا تەۋە دىنىي رەھبەرلەرلا دىنىي يولىيورۇقلارنى قوبۇل قىلالايدۇ. تىزىمغا ئېلىنغان ۋە تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلاردا تەربىيىلەنگەن راھىبلار ئېغىر ھالدا كاملىق قىلىۋاتىدۇ. "ۋ د ت" تەۋە ئورگانلار بولسا يەرلىك دىنىي مەكتەپلەر، ئىلمىي يىغىنلار، پوپلارنى تەربىيىلەش بىلىم يۇرتلىرى، ئىماملار، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ راھىبلىرىنى باشقۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلارغا "سىياسىي ئىشەنچلىكى" نى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەمدە بارلىق مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار، راھىب بولۇش ئۈچۈن ئىلاھىيەتلىك بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن چوقۇم سىياسىي ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈشى كېرەك.

بۇ دۆلەتتىكى تەربىيىلەش پۈرسەتلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى نەتىجىسىدە، رەسمىي بولمىغان "دالا مەدرىسلىرى"، مۇرىتلار يېتەكچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش پروگراممىلىرى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ تورلاردىكى تەربىيىلەش مەنبەلىرى پەيدا بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ دىن سىياسىتى ھەققىدىكى تەنقىدچىلەر بولسا ئومۇمىي ئېقىمدىكى راھىبلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش پۈرسىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى، دىنىي ماتېرىياللار ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارغا ئېرىشىش پۈرسىتىنىڭ كەملىكى قاتارلىق ئامىللار بىر قىسىم دىنىي گۇرۇپپىلارنى ئەنئەنىۋى بولمىغان ياكى ھوكۈمەت "رەزىل دىن" دەپ قارايدىغان ئېتىقادلارنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا باشلىدى دەپ قارىدى. ئالىملار ھۆكۈمەتنىڭ تىبەت بۇتخانىلىرىدىكى، بەزىدە ئادەتتىكى دىنىي ئۆگىنىشلەرگىمۇ چات كېرىدىغان مەجبۇرىي سىياسىي تەربىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە ھەرىكەتلىرى" ھەققىدە دوكلات قىلدى. ھۆكۈمەت يەنە ش ئۇ ئا ر دىكى ئىماملارغا بولغان سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتتى.

# جۇڭگو

هۆكۈمەت دالاس ئىلاھى مەدرىسىسىگە "ئۇ ئۇ ۋ ھ" باشقۇرىدىغان يىپ جىلاڭ مەدرىسىسى ئارقىلىق توردىكى راھىبلار كۇرسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا يول قويۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنجىل تەتقىقاتى فوندى بولسا تىزىمغا ئېلىنغان ھەم تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلارغا تەۋە راھىبلارنى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ھۆكۈمەت يەنە "ۋ د ت" تەستىقلىغان كاتولىك ۋە پروتېستانت ئوقۇغۇچىلىرى، مۇسۇلمان دىنى زاتلىرى ۋە بۇددا دىنى مۇرىتلىرىدىن چەت ئەلدە قوشۇمچە دىنىي بىلىم ئالىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە يول قويىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بىر قىسىملار پاسپورت ئېلىش ۋە چەت ئەلدە ئوقۇشنى تەستىقلىتىشتا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.

2005ـ يىلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى، باللارنىڭ دىنىي تەربىيە ئېلىشىنى توسايدىغان دۆلەت قانۇنى يوق دېدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەمەلدارلار بەزىدە باللار ئۈچۈن ئېچىلغان دىنىي سىنىپلارنى ئوڭ ـ تەتۈر قىلىۋەتتى.

بۆلگۈنچىلەر، چېكىدىن ئاشقان دىندارلار ۋە تېررورىزمغا بولغان ئەندىشىلەر ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇش ئارقىلىق ئامانلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشىگە سەۋەپ بولدى، بۇ تەدبىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىنچ ھالدا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئىپادىلىشىنىمۇ چەكلىدى. ش ئۇ ئا ر دىكى ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرىگە بولغان قاتتىق نازارەتلەرنىڭ ئەكسىچە نىڭشىيا، گەنسۇ، ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ھۆكۈمەت ئاز ئارىلاشتى.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى داۋاملىق مۇستەقىللىقنى قوللايدىغان تىنچلىقپەرۋەر پائالىيەتلەر، "قانۇنسىز" دىنىي پائالىيەتلەر ۋە زوراۋان تېررورىستچىلىقلارنى پەرقلەندۈرەلمىدى. شۇڭا، ئالاھىدە زەربە بېرىش، يىغۇۋېلىش، قولغا ئېلىش، ياكى سوت ئارقىلىق جازالاشنىڭ نىشانىنى تىنچلىق بىلەن سىياسىي نىشانلىرىنى ياكى توغرا دىنىي ئىبادەت قىلىش ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلارغا قارىتىش كېرەكمۇ ياكى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا قارىتىش كېرەكمۇ دېگەننى قارار قىلىش قىيىن بولدى.

ش ئۇ ئا ر دا، ھۆكۈمەت دىنىي تەربىيىلەر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دىن ئايرىم بولغان ھەج پائالىيەتلىرى ۋە قانۇنسىز دەپ قارالغان دەرسلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنسىز دەپ قارالغان دىنىي پائالىيەتلەرنى تازىلاشقا ۋەدە قىلدى. ش ئۇ ئا ر دىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تور بەتلىرى ۋە ئاممىۋى ئۇقتۇرۇشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى "قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر" گە قارشى تۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان پۇقرالارنىڭ ئىمزاسىنى توپلاشقا باشلىغان، ھەم "قانۇنسىز

# جۇڭگو

دىنىي پائالىيەتلەر" تۈپەيلىدىن قارىلانغانلارنى ئوچۇق سوتقا تارتىمىز دەپ ۋەدە قىلغان. ھۆكۈمەت ئىماملارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاخباراتىنى توپلاشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى كۈچەيتىڭلار دەپ يوليورۇق قىلدى ۋە ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە قاتناشسا ئۆزلىرىنىڭ جاۋابكارلىقتا تارتىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. تەبلىغ (بىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئورتاقلىشىش) بولسا بىر "ھەل بولمىغان مەسىلە" دەپ قارالدى.

باشقا ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى بالىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئەڭ قاتتىق قانۇنىي چەكلىمىلەرنى قويىدى، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاز بىر قىسىم رايونلاردا ئاياللار، بالىلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسچىتلەرگە كىرىشىنى چەكلىدى. خەۋەر قىلىنىشىچە ش ئۇ ئا ر دىكى دىنىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىشى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلدى. غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى رامزان پەسلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلار، پروفېسسورلار، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئاممىۋى سورۇندا ئىپادىلىشىگە بولغان چەكلىمىلەر ھەققىدە دوكلات قىلدى.

ھۆكۈمەت جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن مۇستەقىل ھالدا قىلىنغان ھەج سەپىرىنى توساش ئارقىلىق دىنىي ئىشلار نىزامنامىسىنى ئىجرا قىلماقچى بولدى. بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى پۇلنى ئىقتىساد قىلىش، قىيىن چەكلىمىلەر ۋە رەسمىيەت تەلەپلىرى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سىناقلىرىدىن ساقلىنىش قاتارلىق خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلەتنىڭ سىرتىدىكى ئورۇنلار ئارقىلىق مەككىگە ئۆتۈش يولىنى ئىزدىدى.

قانۇن دىنغا ئىشىنىدىغانلارنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بۆلىشىنى چەكلىمەيدۇ؛ لېكىن، ھۆكۈمەت، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى تەشكىلاتلاردىكى بارلىق يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بۆلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىنىي تەشكىلاتلارغا تەۋە بولغان پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ دەپ رەسمىي بايان قىلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ "كۈندىلىك ئىشلار بەلگىلىمىسى"دە ئېنىق قىلىپ "ئەسكەرلەر دىنىي ۋە خۇراپىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششقا بولمايدۇ" دېيىلگەن.

شۇنىڭغىمۇ قارىماي، بىر قىسىم كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەلدارلىرى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن بولۇپمۇ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇددا دىنى ۋە خەلق ئىچىدىكى دىنلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، خىرىستىئان دىنىغا كىرىدىغان كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

# جۇڭگو

مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئۈستىدىكى مەسلىلەردە ئۆزلىرىنىڭ سايلام رايونىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتلىك ۋە يەرلىك ئورگانلاردىكى "ۋ د ت" نىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن.  خەلقئارا تەتقىقات ۋە مەسلىھەت قىلىش ئورگىنى "ئىنتېرمېدىئا" ئېلىپ بارغان ۋە 2005- يىللىق "پېۋ" سۆھبەت يىغىنىدا ئانالىز قىلىنغان تەكشۈرۈشتە، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەلدارلىرى ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىرىنىڭ 33 پىرسەنتى توردىكى دىن ھەققىدىكى تېمىلارغا ئىنتايىن ياكى ئازراق قىزىقىدىغانلىقى بايقالدى.  بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئون ئىككى ئەتراپىدىكى دوكلات قىلىنغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئىچىدە (دىن ھەققىدىكى تېمىلارغا) ئەڭ قىزىقىدىغان كەسپى گۇرۇپ بولۇپ قالدى.

ھۆكۈمەت بىر قانچە كىشىلەرنىڭ دىنىي ياكى روھىي ئېتىقادى ۋە ياكى پائالىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.  جۇڭگولۇق ياكى چەت ئەللىك ياللىغۇچىلارنىڭ فا لۇنگوڭنىڭ ئەزالىرىنى ئىشقا ئېلىشتا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقى ھەقتە كەڭ تارقالغان دوكلاتلار بار.  خرىستىئانلار ۋە پروتېستانتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيىتى تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدىمۇ بىر قانچە دوكلاتلار بار.  2009- يىلى ئاپرېلدا ياڭ-ئېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروففېسورى لىيۇ ئەيشىن ئۆزىنىڭ خرىستىئان دىنىي پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇنىۋېرسىتېت ئۇنى خىزمەتتىن بوشاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى.

جۇڭگو دىنىي ئىشلار نىزامنامىسىگە ئاساسەن، تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي ئورگانلار ئىچكى جەھەتتە ئىشلىتىش ئۈچۈن ماتېرىياللارنى تەھرىرلىسە ياكى بېسىپ چىقارسا بولىدۇ.  لېكىن ئۇلار ماتېرىياللارنى ئاشكارا تارقىتىشنى پىلان قىلسا، ئۇلار چوقۇم دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشنى چەكلەيدىغان دۆلەتلىك بېسىپ چىقىرىش قانۇنىغا بوي سۇنۇشى كېرەك.  1994- يىلىدىكى ئىنجىل كىتابىنى بېسىش دىگىۋارىنى باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىدە "نەنجىڭ دوستلۇق باسما شىركىتى" (دوستلۇق باسما) دۆلەت ئىچىدىكى ئىنجىلنىڭ بىردىن بىر باسما شىركىتى بولدى.  جۇڭگو كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئاز بىر قىسىم دىنىي رايونلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاتولىك ئىنجىلنى باسىدىغان نەشرىياتلىرى بار. شۇنداق قىلىپ بېسىلغان ئىنجىللارنى پەقەت "ئۇ ئۆ ۋ ھ" ۋە جۇڭگو كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ چىركاۋلىرىدىنلا سېتىپ ئالغىلى بولىدۇ.

دوستلۇق باسما 50 مىليوندىن ئارتۇق ئىنجىلنى جۇڭگو مۇشتەرىلىرى ئۈچۈن باستى ھەم ئۇنى 70 شەھەرلەردىكى تارقىتىش نۇقتىلىرى تورى ۋە يېزىلارغا بارىدىغان سەييارە تارقىتىش تورى

# جۇڭگو

ئارقىلىق تارقاتتى. 2009- يىلى ئاپرېلدا، دوستلۇق باسما شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ئىنجىل جەمئىيىتىنىڭ 20 نەپەر ئاۋستىرالىيىلىك ئەزاسى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا 10,000 ئىنجىلنى تارقاتتى. ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان (دوستلۇق باسمىسىدىن باشقا) نەشرىياتلار ئاز دېگەندە 100 دىن ئارتۇق ئوخشىمىغان خرىستىئان كىتابلىرىنى نەشر قىلدى. شۇنىڭدىمۇ، خرىستىئان دىنىغا بولغان قىزىقىشنىڭ كۈچىيىشىگە ماسلاشقان ھالدا ئىنجىل ۋە باشقا خرىستىئان ئەسەرلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، تىزىمغا ئېلىنمىغان چېركاۋلارنىڭ ئەزالىرى بىر قىسىم يېزا رايونلىرىدا ئىنجىلنىڭ تەمىنلىنىشى ۋە تارقىتىلىشى يېتەرلىك بولمىدى دەپ دوكلات قىلدى. شەخسىيلەر ئىنجىلنى بىۋاستە نەشرىيات ئورۇنلىرىغا زاكاز قىلالمايدۇ، بەزىدە نۇرغۇنلىغان سېتىۋېلىشقا قىلىنغان زاكازلارنىڭ كۆپلۈكى تارقاتقۇچىلارنىڭ پايدىسىز ئېھتىياتچانلىقىنى قوزغىدى.

نەشر قىلىش ھەققىدىكى جۇڭگو دىنىي ئىشلار نىزامنامىسى ۋە باشقا قائىدە تۈزۈملەرگە ئاساسلانغاندا، رۇخسەتسىز بېسىلغان قۇرئان ۋە ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي دەرسلىكلەر مۇسادىرە قىلىنىدۇ ۋە رۇخسەت قىلىنمىغان باسما ئورۇنلىرى تاقىلىدۇ. دىنىي مۇرىتلار قانۇنسىز نەشر قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىدۇ ۋە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى داۋاملىق ئائىلە چېركاۋلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئىنجىللارنى مۇسادىرە قىلىدۇ. تاموژنا ئەمەلدارلىرى ئىنجىل ۋە باشقا دىنىي ماتېرىياللارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر دا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەزىدە قۇرئاننى سېتىشقا چەكلىمە قويىدى.

ھۆكۈمەت بىلەن رىم ۋاتىكانىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى تەسىس قىلىنمىغان، شۇڭا بۇ دۆلەتتە ۋاتىكانىنىڭ ۋەكىلى يوق. پوپنىڭ ئېپىسكوپ تاللاشتىكى رولى، يەر ئاستى كاتولىك دىنى زاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ۋاتىكانىنىڭ تەيۋەننى ئېتىراپ قىلىشى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتىكى توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ دېدى.

جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلەر كومىتېتى رىم ۋاتىكانىنىڭ ئېپىسكوپلارنىڭ نامزاتىنى كۆرسىتىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؛ لېكىن، بىر قىسىم ئېپىسكوپلارنى تاللاش ھەققىدىكى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلغان پىكىرلىرىگە يول قويىدۇ. تەخمىنەن 90 پىرسەنت رەسمىي كاتولىك ئېپىسكوپلىرى ۋاتىكان بىلەن ياراشتى. ئوخشاشلا، ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن كوپ ساندىكى كاتولىك ئېپىسكوپلىرى "پاپا (پوپ) نىڭ تەيىنلىشى" ئارقىلىق ۋاتىكانىنىڭ رەسمىي تەستىقىغا ئېرىشىدۇ. ھۆكۈمەت تەستىقلىغان رەسمىي كاتولىك چېركاۋلىرى بىلەن

# جۇڭگو

تىزىمغا ئېلىنمىغان كاتولىك چېركاۋلىرى ئارىسىدىكى پەرق ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئازلاۋاتىدۇ. بىر قىسىم رەسمىي كاتولىك چېركاۋلىرىدا، روھانىيلار ئىبادەت قىلغۇچىلارنى "پاپا" (پوپ) قا ئەگىشىشكە يېتەكلەيدۇ ۋە "پاپا" پوپنىڭ رەسمىنى ئېسىپ قويىدۇ.

## دىنىي ئەركىنلىكنىڭ خورلىنىشى

بۇ دوكلات ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىت جەريانىدا، ئەمەلدارلار تىزىمغا ئېلىنغان ياكى تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنلار ۋە ئىلاھى گۇرۇپپىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش، بەزى ئەھۋاللاردا خورلاشلارنى داۋاملاشتۇردى. بەزى رايونلاردا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تىزىمغا ئېلىنمىغان پروتېستانت ۋە كاتولىك دىنى ئەزالىرى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى، بۇددا دىنى مۇرتلىرى، ۋە ھۆكۈمەت "رەزىل دىن"دەپ بېكىتكەن دىنلارنىڭ ئەزالىرى، بولۇپمۇ فا لۇنگوڭ ئەزالىرىنىڭ دىنىي ھوقۇقلىرىنى خورلىدى. ش ئۇ ئا ر، تىبەت رايونى ۋە بېيجىڭدىكى دىنىي ئەركىنلىكلەرنىڭ خورلىنىشى بۇ دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلدە داۋاملاشتى.

ھۆكۈمەت نۇرغۇنلىغان دىنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۇلارنىڭ دىنلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرى تۈپەيلىدىن تۇتقۇن قىلدى، قولغا ئالدى ۋە قاماق جازاسى بەردى. لېكىن، ھۆكۈمەت ھەر قانداق بىر ئەر ياكى ئايالنى پەقەت ئۇلارنىڭ دىنىي تۈپەيلىدىن تۇتقۇن قىلغان ۋە قولغا ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرىنى جازالاش ئۈچۈن يەرلىك دائىرىلەر داۋاملىق ساقچى بىلەن يەرلىك دائىرىلەرنىڭ غەيرىي سوت گۇرۇپپىسى، كۆپ بولغاندا ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىش جازاسى بېرىشتەك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلدە، خەۋەرلەرگە قارىغاندا ھۆكۈمەت، دىنىي مۇرتلار، دىنىي ھەركەتنىڭ ئەزالىرىنى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇردى. 2009- يىلى، جەمئىي 190,000 كىشى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 320 ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان. لاۋگەي تەتقىقات فوندى بولسا 500,000 دىن 2 مىليون ئەتراپىدىكى كىشى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا دەپ مۆلچەرلىدى. بىر قىسىم رايونلاردا بولسا ئامانلىقنى ساقلاش دائىرىلىرى رۇخسەت قىلىنمىغان گۇرۇپپىلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە تەھدىت سالدى، تىزىمغا ئېلىنمىغان مۈلۈكلىرىنى بۇزدى، قاقتى - سوقتى قىلدى، سوراق قىلدى، سولاپ قويدى، تەن جازاسى بەردى ۋە ۋەھشىيلەرچە قىينىدى.

# جۇڭگو

تىزىمغا ئېلىنمىغان دىنىي گۇرۇپپا ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر داۋاملىق جەمئىيەت تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزدى دېگەن جىنايەت تۈرىگە ئايرىلدى. لېكىن دىنىي رەھبەرلەر ۋە چوقۇنغۇچىلار بولسا پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرلىرىگە قاراپ ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلىشنى رەت قىلغان تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىنى توپلىغان، ساياھەتكە بارغان، نەشر قىلغان، چەكلەنگەن ئوچۇق ئاشكارا دىن تارقىتىش ھەققىدىكى بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان دېگەندەك جىنايى ۋە مەمۇرىي جازالارغا ئۇچرىدى. بىر قىسىم تىزىمغا ئېلىنمىغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرى ئۈلارنىڭ نەشر قىلىش پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن قانۇنسىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان دەپ ئەيىبلەندى.

2009- يىلى فېۋرالدا، بىر قانچە ئاتاقلىق دىنىي رەھبەرلەر خورلاندى، نازارەت ئاستىغا ئېلىندى، ئۆيلىرىگە باغلىنىپ قويۇلدى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كلىنتوننىڭ زىيارىتى جەريانىدا بېيجىڭدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاندى. بۇ رەھبەرلەر، جۇڭگو خىرىستىئان ئائىلە چېركاۋى بىرلەشمىسىنىڭ پرېزىدېنتى پوپ جاڭ مىڭشۈەن ۋە خىرىستىئان يازغۇچى يۇ جىئې لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا دائىرىلەر يەنە بىر نەچچە خىرىستىئان دىنى رەھبەرلىرىگە ئولىمپىك جەريانىدا بېيجىڭدىن چىقىپ كېتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلغان.

بىر قىسىم ئاتاقلىق دىنىي رەھبەرلەر، دىنىي ئەركىنلىك پائالىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. 2009- يىلى 4- فېۋرالدا، نەچچە ئونلىغان ساقچىلار خىرىستىئان ئادۋوكاتى گاۋ جىشېڭنى شەنشىدىكى ئۆيىدىن مەجبۇرىي تۇتتى. گاۋ، ئائىلە چېركاۋى ۋە فا لۇنگوڭ ئەزالىرىنى ئاقلىغان ئىدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا 2001- يىلىدىكى مەملىكەتتىكى 10 ئەڭ داڭلىق ئادۋوكاتنىڭ بىرى دەپ باھا بەرگەن ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئۇنىڭ 2007- يىلىدىكى تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدىكى ساقچىنىڭ قولىدا قىلىنغان 50 كۈنلۈك رەھىمسىز قىيىن- قىستاقلىرىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە يازغان خېتىنى ئېلان قىلدى. گاۋ، پرېزىدېنت بۇش ۋە ئامېرىكا پارلامېنتىغا فالۇنگوڭ ۋە ئائىلە چىركاۋىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك جەھەتتىكى خورلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى ئاياق ئاستى قىلىشى توغرىلىق يازغان ئوچۇق خېتى سەۋەبىدىن قىيىن قىستاققا ئېلىندىم دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئۇ يەنە بېيجىڭنىڭ 2008-يىللىق ئولىمپىكنى ئۆتكۈزۈشكە تاللانغانلىقىدىن گۇمانلانغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، گاۋنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىدى. دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئامېرىكىغا ماكانلاشتۇرۇلغان گاۋنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېيجىڭدىكى چېغىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى

# جۇڭگو

ئۇلارنى ئۆي ۋە مەكتەپلەردە نازارەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەزىيەتنىڭ سەزگۈر چاغلىرىدا، ئۇلار مەجبۇرىي مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا كۆچۈرۈلگەن ئىدى.

2008- يىلى ئۆكتەبىردە، جۇڭگو خىرىستىئان ئائىلە چېركاۋى بىرلەشمىسىنىڭ 3- يىللىقىنىڭ هارپىسىدا بېيجىڭ دائىرىلىرى پوپ جاڭ مىڭشۈەنىنىڭ ئىككى ئوغلى جاڭ جىيەن بىلەن جاڭ چۈاڭنى قاتتىق ئۇردى. دائىرىلەر جاڭنى مەجبۇرىي باشقا يەرگە يۆتكىدى، تەخمىنەن بىر ۋاقىتتا ئايالى ۋە قېيىنى ھەدىسى (ياكى قېيىنى سىڭلىسى) نى قاماقا ئالدى. دائىرىلەر جاڭنى جۇڭگو خىرىستىئان ئائىلە چېركاۋى بىرلەشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ماتېرىيالىغا قول قويۇشقا قىستىدى، جاڭ ئۇنى رەت قىلدى ھەم ئۇ مەمۇرىيەتكە بولغان نارازىلىق باياناتىنى سۇنۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى، لېكىن سوت ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى

2007- يىلى سېنتەبىردە، چەت ئەلدىكى بىر غەيرىي ھۆكۈمەت ئورگىنى تۇرمىدىكى خىرىستىئان پوپى جاڭ روڭلىياڭنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىۋاتىدۇ دەپ دوكلات قىلدى. 2006- يىلى ئىيۇندا ئۇ ساختا پاسپورت ئالغان ۋە قانۇنسىز چەت دۆلەتكە چىققان دەپ ئەيىبلەنگەن ھەم ئۇنىڭغا يەتتە يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. بۇ دوكلاتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، جاڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ جازا ھۆكۈمىنى ئادا قىلىۋاتاتتى.

2009- يىلى 8- فېۋرالدا، 79 ياشلىق شۇاڭ شۇيىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى يىللىق قاماق جازاسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، شۇاڭنىڭ ئوغلى ئائىلە چېركاۋى پوپى خۇا خۇيچىغا ئۆزىنى زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاخباراتىنى ھۆكۈمەتكە بېرىسەن دەپ بېسىم قىلىش ئۈچۈن شۇاڭغا 2007- يىلى ئاپرېلدا جازا بېرىلگەن. خۇا بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنى جەريانىدا پرېزىدېنت بۇش بېرىپ باققان كۈەنجې چېركاۋىدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا تۇتۇلغان.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىنىي ئەركىنلىكى ئادۋوكاتى رابىيە قادىرنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ۋە ئالىم قادىرلار دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىساتقا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلىرى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىنغان توققۇز ۋە يەتتە يىللىق قاماق جازاسىنى ئادا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار 2006- يىلى رابىيە قادىر ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى ئورگانىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان ئىدى.

# جۇڭگو

دوكلاتلارغا قارىغاندا خرىستىئان تەلىم بەرگۈچى ۋە دىن تارقاتقۇچى جاڭ فېڭيىڭ بىر نەچچە يىل ئازاب تارتقاندىن كېيىن، 2009- يىلى يانۋاردا، "ئۇ ئۇ ۋ ھ"، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى مۇسادىرە قىلغان. ئۇنىڭ يولدىشى چاڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئوغلى ئۆيىدە 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئائىلە چىركاۋسى يىغىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئىدى.

2008- يىلى 14- دېكابىردا، دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ 50 دىن ئوشۇق ئوفىتسېرلىرى گۇاڭدوڭ ئۆلكىسى گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى لىيەنرېن چېركاۋغا يەكشەنبىلىك ئىبادەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا ھۇجۇم قىلدى. ئوفىتسېرلار ئائىلە چېركاۋى ئەزالىرىنى "قانۇنسىز يىغىلىش" قىلدىڭلار دەپ "مەمۇرىي جازا ئۇقتۇرۇشى" نى بەردى ۋە ئۇلارنىڭ يىغىلىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. لىيەنرېن چىركاۋنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار، بىر قىسىم ئەزالىرىنى سىچۇەندە يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇشقا ياردەم قىلىشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى بىزنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى.

دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، 2008- يىلى 3- دېكابىردا، خېنەن ئۆلكىسى تەيكاڭ ناھىيىسىدە دۆلەت ئېچىنى قوغداش ئەترىتى ئۆيگە بېسىپ كىرىپ 50 دىن ئارتۇق ئائىلە چېركاۋى ئەزالىرىنى قولغا ئالغان ھەم "بالىلارنىڭ ئىنجىل ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىدىغان ئۆگىتىش" كىتابىدىن 22 نۇسقىنى، باشقا دىنغا كىرىشكە ئۈندەيدىغان ماتېرىياللار بىلەن بىرگە مۇسادىرە قىلغان. 20 نەپەر خرىستىئانغا 15 كۈنلۈك مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بەرگەن ھەم ئۇلارغا 146 ئامېرىكا دوللىرى (يەنى 1,000 يۈەن جۇڭگو پۇلى) جەرىمانە قويغان. ئۈچ ئەزاغا "باشقىلارنى قانۇنسىز دىنغا كىرىشكە ئۈندىگەن" ھەم "قانۇنسىز يىغىلىشقا قاتناشقان" دەپ ئايرىم ـ ئايرىم بىر يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بەرگەن.

2008- يىلى 2- نويابىردا، ساقچىلار جېجاڭ ئۆلكىسى، خاڭجۇ شەھىرىدىكى "يەرلىك چېركاۋ" بىلەن مۇناسىۋەتلىك توققۇز ئائىلە چېركاۋغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. توققۇز چېركاۋنىڭ ھەر بىرىنىڭ يىغىنىغا تەخمىنەن 20 دىن 30 غىچە كىشى قاتناشقان ئىدى. ساقچىلار توققۇز رەھبەرنىڭ قولىغا كويزا سالدى ۋە ئۇلارنى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئوتتۇزدىن ئوشۇق چېركاۋ ئەزالىرى قولغا ئېلىندى. قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقرارنامە ۋە باشقا يىغىلىشلارغا قاتناشمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان باياناتنامە يېزىشى تەلەپ قىلىندى. بۇ ھادىسىدىن بىر كۈن كېيىن، توققۇز رەھبەرنىڭ ئائىلىسىگە

# جوڭگو

رەھبەرلەر ئىككى ھەپتە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىندى. رەھبەرلەرنىڭ بەشى سەككىزدىن ئون بەش كۈنگىچىلىك مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇشتا تۇتۇلۇپ تۇرغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. بەش رەھبەر "ئوقۇغۇچىلارنى دىنغا ئۈندىگەن" دەپ قارىلىنىپ، ئۇلارغا 12 دىن 18 ئايغىچىلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلدى.

2008 ـ يىلى 12ـ ئۆكتەبىردە، ساقچىلار خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھىرىدىكى ئائىلە چېركاۋىغا ھۇجۇم قىلدى. تۆت كىشىگە بەش كۈنلۈكتىن مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇلۇش جازاسى بەردى. ئۇلارنىڭ پوپى جۇ باۋگو "رەزىل دىن" غا ئەزا بولغان دەپ قارىلاندى ۋە ئۇنىڭغا بىر يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلدى. 2008ـ يىلى دېكابىردا، جۇ سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن قويۇپ بېرىلدى.

2008 ـ يىلى 27ـ سېنتەبىردە، ساقچىلار بېيجىڭغا يېقىن يەنچىڭ ناھىيىسىدىكى 110 دىن ئارتۇق ئائىلە چېركاۋى خرىستىئانىنى سوراق قىلدى ۋە ئىككىسىگە مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بەردى. بارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياش ئائىلە چېركاۋى ئەزالىرى تۇتۇلدى، سوراق قىلىندى ۋە رەسىمگە تارتىلدى. دائىرىلەر يەنە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەرگە ئالاقە قىلدى. ئىككىيلەنگە مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىلدى. ئۇلارغا "رەزىل دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز يىغىلىشقا قاتناشقان" دېگەن گۇناھ ئارتىلىپ شى لېي 10 كۈن، چېن شىيەنچۈەن 13 كۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى.

ئۇيغۇر خرىستىئانلىرى ئائىلە چىركاۋلىرىنىڭ ئىبادەتلىرى ئۈستىدىكى كونترولنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقى دوكلات قىلىندى.

2009ـ يىلى 6ـ مارتتا، ش ئۇ ئا ر دا پوپ لۇ يۈەنچى "خۇراپىلىقتىن پايدىلىنىپ قانۇننىڭ ئۇلىنى كولىماقچى بولغان" دېگەن جىنايىتى ئۈچۈن ئىسپات تولۇق ئەمەس دېگەن ھۆكۈمنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تەپتىش ئەمەلدارى بۇ ئەنزىنى ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىسىگە قايتۇردى. بۇ ھۆكۈمگىمۇ قارىماي، لۇ بۇ دوكلاتقا يېزىلغان ئاخىرقى ۋاقىتلارغىچە تۈرمىدە يېتىشنى داۋاملاشتۇردى. لۇ ئەسلىدە 2008ـ يىلى مايدا قولغا ئېلىنغان ئىدى.

2009ـ يىلى 2ـ يانۋاردا، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئۈرۈمچىدە بىر ئائىلە چېركاۋىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەللىك بىر نەپەر خرىستىئان سوراق قىلىش ئۈچۈن تۇتۇلۇپ، 48 نەپىرى شۇ كۈنى كەچتە قويۇپ بېرىلدى. ئىككى چېركاۋ رەھبىرى جۇ جىنفېڭ ۋە ياڭ مىئاۋفا لار

# جۇڭگو

جەرىمانە تۆلىگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. بىر رەھبەر جۇ لىنغا ئون كۈنلۈك مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

2007- يىلى ئىككى ئۇيغۇر خرىستىيان چەت ئەلدىكى خرىستىيان شىركىتىدىكى خىزمىتى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان ئىدى، ئۇلار داۋاملىق تۈرمىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

خەۋەر قىلىنىشىچە، 2009- يىلى 31- مارت كۈنى ئۇيغۇر خرىستىيانى ئالىمجان ھىمىت قەشقەردىكى نوڭسەنشى دوختۇرخانىسىدا بايقالغان. ئۇنىڭ قولى باغلانغان بولۇپ ساقچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىدى. مەلۇم بىر غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنىڭ دېيىشىچە، 2008- يىلى يانۋاردا، ھىمىت "تىجارەت قىلىش دېگەن نام بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقان" ۋە ئۇيغۇرلارغا خرىستىيان دىنىنى تارقاتقان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان ئىدى. كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا "مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋە دۆلەت ئامانلىقىغا خەۋپ سالغان" دېگەن جىنايەتنى ئارتتى. 2008- يىلى مايدا ئۇنىڭ ئەنزىسى تەپتىشكە "ئىسپاتى تولۇق ئەمەس" دەپ قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تۈرمىدە تۇرىۋاتىدۇ.

ئوسمان ئىمىن 2007- يىلى نويابىردا قولغا ئېلىنىپ، "چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلىرىگە ياردەملەشكەن" دەپ قارىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر نىڭ خوتەندىكى قەشقەر تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدە ئىككى يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسىنى ئادا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ ئورۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن قىينىلىۋاتقانلىغىنى ھەم قولىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

2008- يىلى 25- دېكابىردا، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ بوجو شەھرىدە بىر ئائىلە چېركاۋى روژدېستۋو بايرىمى مۇلازىمىتى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت ئىككى رەھبىرىنى قولغا ئالدى.

ئوخشاش بىر كۈندە، روژدېستۋو بايرىمى مۇلازىمىتى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ، ش ئۇ ئا ر نىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدە يەتتە ئائىلە چېركاۋى رەھبىرى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. بوجودىكى چېركاۋنىڭ ئىككى رەھبىرى ۋە گۇچۇڭدىكى چېركاۋنىڭ يەتتە رەھبىرى بۇ دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا تۈرمىدە ئىدى. 2008- يىلى 24- دېكابىردا خېنەن ئۆلكىسى يۈچېڭ ناھىيىسىدە توققۇز خرىستىيان ئايال كوچىدا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ئويۇن ئويناۋاتقاندا قولغا ئېلىندى. توققۇز ئايالنىڭ بەشى قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن 3,500

# جۇڭگو

خەلق پۇلى (515 ئامېرىكا دوللىرى) تۆلەشكە مەجبۇر قىلىندى. قالغان تۆتى ئىككى ھەپتە قاماپ قويۇلدى.

2008- يىلى 16- دېكابىردا، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھرىدە، خرىستىئان رەھبەرلىرى يىغىلىشىدا 40 پوپ ۋە ئائىلە چېركاۋى رەھبەرلىرى تۇتۇپ كېتىلدى. ھەر بىرىگە 146 دىن 292 گىچە ئامېرىكا دوللىرى (1,000 دىن 2,000 گىچە خەلق پۇلى) تۆلەش تەلەپ قىلىندى. ئۇن ئالتە خرىستىئانغا قانۇنسىز يىغىلىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قوشۇمچە 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

2008- يىلى نويابىردا، خۇبېيدا ئايرىم بولغان تۆت ۋەقەدە تۆت خرىستىئاننىڭ ئامانلىق ساقلاش ئوفىتسېرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي تۇتۇپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكى (كىشىلەر تەرىپىدىن)كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ تۆتەيلەننىڭ بىرىمۇ ئىككىنچى كۆرۈلمىدى. بۇ ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر بولسا يى پېڭ، جۇ يوڭپىڭ، ۋاڭ كې ۋە يەنە بىر نامسىز ئەر كىشىلەردىن ئىبارەت.

2008- يىلى ئىيۇلدا، ئىچكى موڭغۇلدا تۆت خرىستىئان قولغا ئېلىندى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلدى. 6- ئىيۇلدا، شەھەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى ئائىلە چېركاۋىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى يۇ يوڭچىڭنى تۇتتى. ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى يەنە خرىستىئان لى لى، لى شۇسېن ۋە ۋاڭشۇەنلەرنى قولغا ئالدى، خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇلار ساقچىنىڭ قىيىن قىستىقىغا ئۇچرىغان. ئۇلارغا "رەزىل دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەت قانۇنىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان" دېگەن جىنايەت ئارتىلغان. خەۋەر قىلىنىشىچە، لى لى "چەت ئەلدىكى ئەكسىيەتچىلەرگە ياردەم قىلغان" دەپ ئەيىبلەنگەن.

2008- يىلى 4- ئىيۇلدا، پوپ جاڭ جوڭشىڭغا شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنىڭ شەھرى ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيىلەش كومىتېتى تەرىپىدىن ئىككى يىللىق ئەمگەك بىلەن قايتا ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلدى. دائىرىلەر ئۇنىڭ يەكشەنبىلىك تەربىيىلەش كۇرسىدىكى رولى ۋە تىبەتتە دىن تارقاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى "رەزىل دىن" غا كىرگەن دەپ ئەيىبلىدى.

2008- يىلى 31- دېكابىر كۈنى، يۈەن شېنلۈن ئىسىملىك بىر كۆمۈركان ئىشچىسى "رەزىل دىنى جەمىيەتتىن پايدىلىنىپ، قانۇن ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان" دەپ ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان. ئۇ نامەلۇم بىركىشىنىڭ دىنىي كىتابچىلارنى ئېلىۋېلىش ھەققىدىكى

# جوُڭگو

تېلېفوننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. يۈەن بۇنىڭدىن بۇرۇن، 1983- يىلى، خىرىستىئان "چاقىرغۇچىلار" مەزھىپى (بۇ مەزھەپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن "رەزىل دىن" دەپ بېكىتىلگەن) گە قاتناشقان دەپ ئەيىبلىنىپ 14 يىل تۈرمىدە ياتقان ئىدى.

ھۆكۈمەت بىرقىسىم كىشىلەرنى دىنىي ماتېرىياللارنى قانۇنسىز نەشرقىلىش جىنايىتى بىلەن تۇتقان. 2009- يىلى 9- ئاپرېل كۈنى، شى ۋېيخەن ئىسىملىك بىر كىتابخانا ئېگىسى ئىنجىل ۋە باشقا خىرىستىئان كىتابلىرىنى ھۆكۈمەت رۇخسىتىسىز بېسىپ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلغان. ئۇ باشتا 2007 ـ يىلى نويابىردا قولغا ئېلىنغان ئىكەن، لېكىن ھۆكۈمەت 2008 ـ يىلى يانۋاردا ئۇنى ئىسپاتى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن. 2009- يىلى ئىيۇلدا بېيجىڭدىكى بىر سوت شىنى ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

ئىگىلىگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بەزى جايلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تىزىمغا ئېلىنمىغان كاتولىك پوپلىرى ۋە مۇرىتلىرىنى ۋاتىكان تەرىپىدىن ماقۇللانغان چېركاۋلاردىن ۋاز كېچىپ، تىزىمغا ئېلىنغان چېركاۋلارغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا جەرىمانە تۆلەش، خىزمەتتىن ھەيدىلىش، تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋە پەرزەنتلىرى مەكتەپتىن ھەيدىلىشكە ئوخشاش بىر يۈرۈش جازالارغا دۇچار بولغان. تىزىمغا ئېلىنمىغان باش روھانىي ۋە پوپلارنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نازارەت قىلىش ۋە تەكرار قىسقا تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىق خارلىنىشلارغا ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بار. نارەسمىي كاتولىك پوپلىرىنىڭ كۆپلەپ قولغا ئېلىنغانلىقى، بولۇپمۇ تىزىمغا ئېلىنمىغان كاتولىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى يۇرتى بولغان خېبېي ئۆلكىسىدە بۇ خىل قولغا ئېلىشلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.

2009- يىلى 30- مارت كۈنى، يەر ئاستى كاتولىك باش روھانىيى جىيا جىگو خېبېي ئۆلكىسىدە قايتا قولغا ئېلىنغان. بۇ ئۇنىڭ 2004- يىلدىن بۇيان ساقچىلار بىلەن 13- قېتىم يۈزلىشىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تىزىمغا ئېلىنمىغان كاتولىك روھانىيى سۇ جىمىن 1997- يىلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ كىشى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار ئېلىنمىغان.

2009- يىلى 24 ـ مارتتا كاتولىك پوپى ما شېڭباۋ قولغا ئېلىنغان. مۇشۇ دوكلات يېزىپ تاماملانغىچە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغان. جوۋجىلىق كاتولىك روھانىيى ۋۇ چىنجىڭ

# جۈڭگو

نىڭ ئىز- دېرىكى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. خېبېي ئۆلكىسى شىۋەنزى چېركاۋنىڭ ياردەمچى روھانىيى ياۋ لىياڭ ھازىرغا قەدەر تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىدۇ. خەۋەرلەرگە كۆرە، پوپ لى خۇيشېڭ 2006 ــ يىلى ساقچىلار تەرىپىدىن قىيىن- قىستاقتا ئېلىنغان بولۇپ، "ئاممىنى ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىشقا قۇتراتقان" لىقى ئۈچۈن 7 يىللىق جازا مۇددىتى بىلەن ھازىرغىچە تۈرمىدە قاماقلىق تۇرۇۋاتىدۇ.

2009- يىلى مارتتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خوتەن شەھرىدە، ھۆكۈمەت ئاز دېگەندە 7 دىنىي مەكتەپنى (مەدرىسەنى) تاقاپ ئۇيمۇ- ئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان. 39 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنغان ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كىتاب، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە قوراللارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى جاكارلىغان. ھۆكۈمەت يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرنى "يەر ئاستى دىنىي كىتابلىرىنى ئوقۇش" قا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن جازالىغان.

ھۆكۈمەت بىرقىسىم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باشقا دۆلەتلەردىن مەجبۇرەن قايتۇرۇپ كېلىشكە ھەرىكەت قىلغان. خەۋەرلەرگە كۆرە، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەج چەكلىمىسىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەمدە باشقا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىشقا ۋە روزا تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ 2007 ــ يىلى ئېيۇلدىكى خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، پاكىستان ھەج چەكلىمىسىگە قارشى نامايىشقا قاتناشقان ئوسمان ئەلىخان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر سودىگەرنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي رەۋىشتە جۇڭگوغا قايتۇرغان. ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلاردىن ئىگىلەنگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىمۇ ئۇ يەردىكى باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن ھەج چەكلىمىسى ھەققىدە پاراڭلاشقان ھەبىبۇللا ئەلى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننى قولغا ئېلىپ ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا جۇڭگوغا قايتۇرغان.

چەت ئەلدىكى فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىدىن ئىگىلىنىشچە، 1999- يىلىدىن بۇيان نەچچە يۈزمىڭلىغان مۇرىتلار فالۇنگوڭ پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقى، فالۇنگوڭنىڭ تەلىماتىغا بويسۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى، بۇ تەشكىلاتنى ياكى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسىنى تەنقىت قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، تەشكىلات ئەزالىرى ھەددىدىن ئارتۇق زورلۇققا، خارلىنىشقا، باسقۇنچىلىققا، تۇتۇپ تۇرۇلۇشقا، مەجبۇرىي روھىي كېسەللىك داۋالىنىشقا (بۇ مەجبۇرەن دورا يېگۈزۈش ۋە توك سوقتۇرۇپ داۋالاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە قىيناشلارغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۆسمۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئەزالار سولاق جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى رەت قىلغان بەزى مۇرىتلار جىنايەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ يەنە قانۇندىن تاشقىرى "قانۇن ئۆگىنىشى"

# جۇڭگو

مەركەزلىرىگە يوللاپ بېرىلگەن. سابىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى مەھبۇسلىرىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، مەيداندىكى ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى تەشكىل قىلىدىكەن.

چەت ئەلدىكى فالۇنگوڭ تەشكىلاتلىرى، ئولىمپىك يىغىنى جەريانىدا قالايمىقانچىلىقلاردىن ساقلىنىش باھانىسىدا فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىنى قولغا ئېلىش ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆكۈمەت مىڭلىغان مۇرىتلارنى قولغا ئېلىپ، يۈزلىگەن ئەزالارنى تۈرمىگە تاشلىغان ۋە 2008- يىلى 100 نەپەر مۇرىت جازالىنىش سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان. ھۆكۈمەت فالۇنگوڭ ئەزالىرىنىڭ چەت ئەللىك مۇخبىرلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قىيىن-قىستاقلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى دەلىللەش قىيىن. بۇ تەشكىلاتلار يەنە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق فالۇنگوڭ ئەزالىرىنى تەھدىتىي تېلېفون قىلىش ۋە جىسمانىي تەھدىتلەر بىلەن خورلىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى دائىم فالۇنگوڭغا قارشى قاتتىق رېتورىك ئېلىپ باردۇ. 2009- يىلى مايدا، يەرلىك جايلاردىكى ئادۋوكاتلار ئويۇشمىسى فالۇنگوڭغا ۋەكىللىك قىلغان بىر نەچچە ئادۋوكاتلارنىڭ ئادۋوكاتلىق كېنىشكىسىنى يېڭىلاپ بەرمىگەن.

2009- يىلى ئاپرېلدا، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە جاڭ شىگۇۋ ئىسىملىك پېنسىيىگە چىققان بىر فىزىكا پروفېسسورى، ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن فالۇنگوڭ ماتېرىياللىرىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن 7 يىللىق تۈرمىگە ئېلىنغان.

2009- يىلى نويابېردا، شاڭخەيدىكى بىر سوت، لىيۇ جىننى توردىن فالۇنگوڭ ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى چۈشۈرگەن ۋە باشقىلارغا تارقاتقانلىقى ئۈچۈن ئۈچ يېرىم يىللىق تۈرمىگە كەسكەن.

2009- يىلى دېكابىردا، بۇ دوڭۋېي ئىككى يېرىم يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن جۇڭگودىن ئايرىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ فالۇنگوڭ پائالىيىتى ئۈچۈن قىيىن- قىستاققا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ باش شىتابى ئامېرىكىغا جايلاشقان "ئاسىيا فوندى" ناملىق تەشكىلاتتا ئىشلىگەن ئىكەن.

2008- يىلى 8- ئاينىڭ 8 ــ كۈنى، فالۇنگوڭ مۇرىتى ساۋ چاڭلىڭ ۋېلىسىپىت مىنىۋېتىپ يوقاپ كەتكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر ۋۇخەن شەھەرلىك 10- دوختۇرخانىغا

# جۇڭگو

چاقىرتىلغان. ئۇلار ئۇ يەردە ساۋ نىڭ بەدىنى يارا، ئۇستىخانلىرى سۇنغان هالدا هۇشىدىن كەتكەن هالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرگەن. ساۋ 8- ئاينىڭ 15- كۈنى هۇشىغا كېلەلمەي هاياتىدىن ئايرىلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ساۋ نىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدى-كەينىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

2008- يىلى 26- يانۋار كۈنى، بېيجىڭ ساقچىلىرى مۇزىكانت يۇ جوۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالى، شائىرشۇنانى ماشىنىنى بەلگىلىمىدىن تېز سۈرئەتتە هەيدەش سەۋەبىدىن توختاتقان. ساقچىلار ماشىنىدىن فالۇنگوڭ ماتېرىياللىرىنى تاپقان ۋە بۇ ئىككەيلەننى قولغا ئالغان. يۇ تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا 11 كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئىگىلەشلەرگە كۆرە، ئۇ بۇ جەرياندا قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان ئىكەن. ساقچىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈشنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ ئايالى 3 يىللىق تۈرمىگە هۆكۈم قىلىنغان.

جۇڭگو هۆكۈمىتى شىمالىي كورىيە پۇقرالىرىنى پاناهلانغۇچىلار ئەمەس بەلكى "ئىقتىسادىي كۆچمەنلەر" دەپ قاراپ ئۇلارنى مەجبۇرىي هالدا كورىيە دېموكراتىك جۇمهۇرىيىتىگە قايتۇرغان. هۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار، پاناهلانغۇچىلار، يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دوكلاتلىرىغا كۆرە، مەجبۇرەن قايتۇرۇلغانلار ئەگەر خىرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان چەت ئەللىكلەر بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى مەلۇم بولسا، قولغا ئېلىنىپ ئېغىر جازاغا تارتىلغان.

تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ 2008- يىللىق دۆلەتلەر كىشلىك هوقۇق ئەهۋالى دوكلاتىنىڭ جۇڭگو قىسمى ۋە 2009- يىللىق خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىنىڭ كورىيە دېموكراتىك جۇمهۇرىيىتى قىسمىغا مۇراجەت قىلىنسۇن.

## مەجبۇرىي دىنىي ئېتىقاد ئۆزگەرتىش

فالۇنگوڭنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، بۇ مەزھەپكە بولغان ئېتىقادىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان مۇرىتلار هەرخىل جىسمانىي ۋە روهىي مەجبۇرلاشلارغا دۇچار قىلىنغان.

دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلانغانلىق، شۇ جۈملىدىن ئامېرىكىدىن ئېلىپ قېچىپ كېتىلگەن ياكى قانۇنسىز ئېلىپ كېتىلگەن، ۋە ياكى ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىشكە رۇخسەت

# جۇڭگو

قىلىنمىغان ياش قۇرامىغا يەتمىگەن ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتكەنلىك ھەققىدە بۇنىڭدىن باشقا مەلۇماتلار يوق.

## دىنىي ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش جەھەتتىكى ئىجابىي ئىلگىرىلەشلەر

جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىنىنىڭ "ئىناق جەمىيەت" بەرپا قىلىشتىكى رولىنى داۋاملىق تەكىتلەپ كەلدى. ئۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى دىنىي گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە يول قويۇپ، تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي گۇرۇھلارنىڭ يېڭى ئىبادەت سورۇنى قۇرۇشىغا راسخوت ئاجرىتىپ بەردى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان نەشرىياتلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ يېڭى "مەملىكەتلىك كىشلىك ھوقۇق ھەرىكەت پىلانى" دا "دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پروگراممىسىنى يولغا قويۇشىغا ۋە دىنىي جەمىيەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇسۇل ۋە قانالللارنى ئىزدىنىشكە مەدەت بېرىدۇ ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ" غانلىقىنى تەكىتلىدى.

2008ـ يىلى نويابىردا، جۇڭگو گوۋۇيۇەنىنىڭ تەرەققىيات تەتقىقات كومىتېتى (جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى ۋە گوۋۇيۇەنگە مەسلەھەت بېرىدۇ) ئائىلە چېركاۋلىرى رەھبەرلىرى ۋەكىللىرى بىلەن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى. ئائىلە چېركاۋلىرى رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلاردىن ئايرىم ھالدا تىزىمغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. جۇڭگو ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ھۆكۈمەتنى مۇستەقىل تىزىملىتىشقا رۇخسەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. جۇڭگودىكى كۈزەتكۈچىلەر بۇنى ھۆكۈمەت ۋە ئائىلە چېركاۋلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى دەپ ھېساپلاشتى.

توردىكى خىرىستىئان بېكەتلىرىنىڭ سانى ئاشتى. ھۆكۈمەت يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پەيلاسوپ ۋاڭ شىياۋچاۋنىڭ ھەزرىتى ئاۋغۇستىن نىڭ "تۆۋەنامە" ۋە "خۇدانىڭ شەھىرى" دىگەن كىتابلىرىنى لاتىنچىدىن بىۋاستە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. س. س. لېۋىس، فىرانسىس شەفۇېر ۋە رىك ۋەررېن قاتارلىق باشقا داڭلىق خىرىستىئان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ جۇڭگودىكى كىتابخانىلاردا تېپىلىدۇ.

# جۇڭگو

2008- يىلىدىكى سىچۇەن يەرتەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىن، ھۆكۈمەت بەزى تىزىملانغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇتقۇزۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلدى. دۆلەت تەستىقلىغان، دۆلەتلىك خەير-ئېھسان تەشكىلاتى بولغان (باج كەچۈرۈم قىلىنغان خەير- سەدىقە قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن) پروتېستانت گۇرۇپپىسى ــ "دوستلۇق فوندى"، ئۆي ۋە سىنىپلارنى، ئاشلىق ساقلاش ئىسكىلاتلىرىنى ۋە سۇ تەمىنلەش يوللىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى. بۇ فوند يەنە يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان چېركاۋنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن بىر پروتېستانت چېركاۋى سېلىپ بەردى. ئۇلار چېركاۋ ئەزالىرىنىڭ 180 دىن 1,000 غا يېقىن كىشىگە كۆپەيگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. "دوستلۇق فوندى" نىڭ كاتولىك تەڭتۇشى بولغان، خەلقئارا رومان كاتولىك خەيرىيەت تەشكىلاتى ــ كارىتاس بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان، خېبېي ئۆلكىسىدىكى بېيفاڭ جىندې ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مەركىزىمۇ ئاپەت رايونىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، تىببىي جەھەتتە تەربىيەلەنگەن موناخ ئايالالارنى ئاپەتتە ساق قالغانلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

سىچۇەندىكى يەرتەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خادىملار تىزىملانمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ، شۇ جۈملىدىن "ئائىلە چېركاۋلىرى" نىڭ خۇددى پىرىزىدېنت خۇ جىنتاۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك "ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئاكتىپ رول ئويناش" ىغا يول قويدى. گەرچە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولمىسىمۇ بەزى تىزىملانمىغان گۇرۇپپىلارنىڭ يەر تەۋرەشتە زىيانغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ھەرخىل ئىجتىمائى مۇلازىمەت قىلىشىغا يول قويۇلدى. ئەمما، يەنە بەزى تىزىملانمىغان گۇرۇپپىلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ يەر تەۋرەشتىن ھايات قالغانلارغا ياردەم قىلىشنى چەكلىگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى.

دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىقتىكى بەزى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ يەر تەۋرەشتىن ھايات قالغانلارغا ياردەم قىلىشىغا يول قويۇلدى. يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامېرىكىدىكى "بىللى گرەھەم ئىنجىلغا ئەگەشكۈچىلەر جەمئىيىتى" ۋە "خەيرىخاھچىنىڭ ھەميانى" قاتارلىق دىنىي خەير- ساخاۋەت تەشكىلاتلىرى تەمىناتلار بىلەن تولدۇرۇلغان بىر يۈك ئايروپىلاننى بۇ رايونغا ئەۋەتتى. 2009- يىلى ئاپرېلدا، "بىللى گرەھەم ئىنجىلغا ئەگەشكۈچىلەر جەمئىيىتى" يەنە 65,000 دانە "ئاياق قېپى سوغىسى" نى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئۆسمۈرلەرگە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن چېگىدۇغا ئەۋەتتى. 2008- يىلى مارتتا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىنىپ تىزىمغا ئېلىنغان، تەيۋەندىكى بۇددا دىنى تەشكىلاتى ــ "زۇ چى فوندى" ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا تىببىي ياردەم، پىدائىيلار ۋە تەمىناتلار ئەۋەتتى.

# جۇڭگو

## ئۈچىنچى قىسىم
## ئىجتىمائىي خورلىنىش ۋە كەمسىتىلىش

تىبەت بۇددىستلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش دىنىي ۋە مىللىي ئاز سانلىق گۇرۇپپىلار، دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ۋە ئالاھىدە تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت بولغانلىقى تۈپەيلى ئىجتىمائىي كەمسىتىشلەرگە ئۇچراپ كەلدى. مۇشۇ دوكلات ھازىرلىنىۋاتقان مەزگىلدە، تىبەت رايونىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، جۈملىدىن خەنزۇ، خۇيزۇ، تىبەت بۇددىستلىرى ۋە تىبەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار كۈچەيدى. مىللەت ۋە دىن كۆپ ھاللاردا بىر-بىرىگە باغلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن ھادىسىلەرنى مىللىي ياكى دىنىي مەسىلە دەپ تەپسىلىي ئايرىپ چىقىش قىيىنغا توختايدۇ.

## تۆتىنچى قىسىم
## ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھىللارى رودھەم كلىنتون 2009- يىلى بېيجىڭدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە تىزىمغا ئېلىنغان چېركاۋلارنىڭ دىنىي پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئاۋام پالاتاسى باياناتچىسى نەنسى پېلوسى 2009- مايدىكى شاڭخەي زىيارىتى جەريانىدا دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پرېزىدېنت جورج ۋ. بۇش ئۆزىنىڭ 2008- يىل ئاۋغۇستتىكى بېيجىڭ زىيارىتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىر تىزىمغا ئېلىنغان چېركاۋدا دىنىي پائالىيەتكە قاتناشتى. 2008 ــ يىلى ئىيۇلدا پرېزىدېنت بۇش ئۇيغۇر مۇسۇلمان پائالىيەتچىسى رابىيە قادىر ۋە ئائىلە چېركاۋى پائالىيەتچىسى بوب فۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى جۇڭگو ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قەرەرلىك ھالدا دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىلىرى، شۇ جۈملىدىن دىنىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش، چەكلىمىسى ئېغىر بولغان تىزىمغا ئېلىش قانۇنلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەكلەنگەن دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە يول قويۇش قاتارلىقلار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىدۇ.

# جۇڭگو

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ۋە چېڭدۇ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، شېنياڭ، ۋۇخەنلەردىكى كونسۇلخانىلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە دىنىي ئەركىنلىكنى كەڭراق يولغا قويۇش ھەققىدە قەرەللىك ھالدا خىتاپ قىلىشىدۇ. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خارلاشلارنى ئەيىپلىدى ۋە ئىجابىي يۈزلىنىشلەرنى قوللىدى.  ئامېرىكا پالاتا ئەزالىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۈملىدىن دىنىي ئىشلار ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە، ئىزچىل ھالدا مەركەز ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنى پۇقرالارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا ۋە دىنىي پائالىيەت سەۋەبىدىن تۈرمىگە قامالغان بارلىق مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە دەۋەت قىلىپ كەلدى.

خەلقئارا قانۇن ۋە ئۆلچەملەرگە خىلاپ بولغان دىنىي خورلاش ۋە كەمسىتىش ھادىسىلىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك خەۋەر بولغان ھامان،  ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ ھەقتە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.  ئۇلار يەنە پاكىتلىرى تولۇق بولمىغان ياكى بىر- بىرىگە زىت بولغان خارلىنىش ئەرزلىرى ھەققىدە مەلۇمات تەلەپ قىلدى.  ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، باش ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋە روھىي ئەركىنلىكنى بوغىدىغان ھەركەتلىرىگە، شۇ جۈملىدىن فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى، تىبەت بۇددىستلىرى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە كاتولىك ۋە پروتېستانت روھانىلىرى ۋە مۇرىتلىرىنى قولغا ئېلىشلىرىغا قارىتا كۆپ قېتىم نارازىلىق بىلدۈردى.  باش ئەلچىخانا قەرەللىك ھالدا مۇۋاپىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تۇتۇپ تۇرۇش ۋە دىندارلارنى خورلاش مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە دىنىي ئەركىنلىكنىڭ جۇڭگو جەمىيىتىگە زىيان كەلتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.  ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى قانۇنىي تىزىمغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان دىنىي تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېتىقاد ئاساسىدىكى ياردەملەرنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاشقا ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئۈستىدىكى كونترولىنى بوشىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرى يەنە خورلاش ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى يىغدى ۋە دىنىي ساھەلەرنىڭ ھەرخىل رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى.  ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ھۆكۈمەتسىز ئالاقىچىلىرىنىڭ ئىچىدە دىنىي ساھەدىكى جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ۋە ئامېرىكىدىكى دىنىي گۇرۇپپىلار قاتارلىقلار بار.  ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خەلقئارا زىيارەتچىلەر رەھبەرلىك

# جۇڭگو

پروگراممىسى ئارقىلىق كۆپلىگەن دىنىي رەھبەرلەر ۋە ئالىملارنى ئامېرىكىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئوينايدىغان رولىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئىمكان بەردى.

مۇشۇ دوكلاتنى تەييارلاش جەريانىدا، ئامېرىكا باش ئەلچىسى ئۆزىنىڭ ئاممىۋى نۇتۇقلىرىدا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملار بىلەن بولغان شەخسى دىپلوماتىيەسىدە دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى ۋە ئايرىم دىنىي مەھبۇسلار ھەققىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. باش ئەلچىخانا ۋە كونسۇلخانا ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ دىنغا مەسئۇل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ۋە رەسمىي ھەمدە نارەسمىي دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ روھانىلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

1999ـ يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جۇڭگونى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسى بويىچە دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن "دىققەت قىلىنىدىغان دۆلەت" دەپ بەلگىلەپ كەلدى. ئەڭ يېڭى "دىققەت قىلىنىدىغان دۆلەت" دەپ قايتا بەلگىلەش 2009ـ يىلى 16ـ يانۋار كۈنى بولدى. خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسىغا ئاساسەن جۇڭگوغا قارىتىلىدىغان ئىقتىسادىي ئىمبارگو، جىنايەت كونترول قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا بولغان چەكلىمىلەرگە چېتىلىدۇ. (تاشقى مۇناسىۋەت رۇخستى پەرمانى، 1990ـ ۋە 1991ـ مالىيە يىلى، P.L. 101ـ 246).